# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

## 新疆地方志

- مەن شاھىت بولغان بەزى ئىشلار
- تەمىم ئىبىن بەھىرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى
- ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى



2

2001

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال
18 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 55 - سان

2001 - يىللىق
2 - سان

مەسلىھەتچىلەر
ئۇيغۇر سايرانى
ئىمىن تۇرسۇن
نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:
غوپۇر ھوشۇر نىيازى
ئابدۇرۇپ ئېلى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت تۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، رامىلە، سابىر ئەلى، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھايىر، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

مەسئۇل مۇھەررىر:
ئابلىز ئۇرخۇن

## مۇندەرىجە

### تارىخي ئەسلىمە

مەن شاھىت بولغان بەزى ئىشلار ········ س. سەيپۇللايېف 1
تار جىلغىسىدىكى قانلىق جەڭ ········ مەمتىلى ياسىن 22

### ئىلمىي مۇھاكىمە

تەمىم ئىبن بەھىرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى ··········
·········································· مىنورسكى 26

### تەزكىرىچىلىك تەتقىقاتى

شىنجاڭغا دائىر خەنزۇچە تارىخ - تەزكىرە ئەسەرلىرى ۋە
ئۇلارنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش ·············
························ پولات ھىمىت، جەمىلە ئابلا 38

### تارىخ سەھىپىسىدە

ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى ·············· چوقان ۋەلىخانوف 43
چوقان ۋەلىخانوفنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ··········· 53
ئاق گۋاردىيىچى گېنېرال دۇتوفنى كىم ئۆلتۈرگەن؟ ······
··································· ھۈسەيىن ئەبەيدۇللا 54
چۆچەك ئورتاق تىلى توغرىسىدا ········ تاھىر تاشبايېف 57

### شىنجاڭدىكى كەسپلەر

جۇۋازنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ رولى ··· توختى داۋۇت 63

---

مۇقاۋىدا: «شاتلىق ئورمانلىقى» دىكى كۆل سۈيى
«تارباغاتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى» دىن ئېلىندى

# مەن شاھىت بولغان بەزى ئىشلار

سەيدۇللا سەيپۇللايېف

## 1. گومىنداڭ ئىلىغا كەلگەندە

شېڭ شىسەي 1942 ـ يىلى يۈزىدىكى نىقابىنى ئېلىپ تاشلاپ گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، 1943 ـ يىلنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىدە گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك فىرقىسى تەسىس قىلىندى، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، جۈملىدىن ئىلىدىمۇ ۋىلايەتلىك فىرقە تەشكىل قىلىندى، كوچىلاردا ئالتە بۈيۈك سىياسەتكە دائىر شوئارلارمۇ كۆرۈنمەس بولۇپ قالدى. بۇرۇن كوچا تاملىرىغا يېزىلغان «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇقىمىزنى كۈچەيتەيلى» ، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرايلى» دېگەن شوئارلار ئوچۇق ـ ئاشكارا كۆرۈنمەس بولۇپ قالدى. ئەسلىدە «ئىلى گېزىتى» چەت ئەل خەۋەرلىرىنى «تا س س» خەۋەرلىرىدىن ئېلىپ بېرەتتى. 1942 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئۇ خەۋەرلەرمۇ كۆرۈنمەس بولدى. ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭ ئۆز تەشۋىقاتىنى باشلىغان ۋە بىر قىسىم ھەرىكەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرگەن بولسىمۇ، بەزى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، 1943 ـ يىلى گومىنداڭ يەنىلا ئېھتىياتچان بولۇش تاكتىكىسىنى يۈرگۈزۈپ، ئاستا قەدەم بىلەن سىڭىپ كىردى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى 1935 — 1942 يىللىرىدىكى تەشۋىق، تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق خەلق ئىچىدە، بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدا گومىنداڭغا نىسبەتەن دۈشمەنلىك كۆز قارىشى پەيدا بولغان؛ گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇنىڭ ھەربىيلىرىگە نىسبەتەن مۇئامىلىدە يىرىك بولغان. گومىنداڭنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى تۆۋەندىكى مىساللار ئارقىلىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مەسىلەن: 1943 ـ يىلنىڭ بېشىدا گومىنداڭ فىرقىسى ئىلىدا تەشكىل قىلىنغان بولسىمۇ، ھېچقانداق داغدۇغىسى بولمىدى. گومىنداڭغا ئەزا بولغۇچىلارمۇ ئانچە كۆپ بولمىدى. ئىلى گىمنازىيىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى كاڭxx ئۈرۈمچىگە بېرىپ گومىنداڭ فىرقىسىنىڭ سىياسىي كۇرسىدا ئوقۇپ قايتقاندىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرى بولدى (بۇرۇنقى مۇدىرى گۇ xx ، ئىلمىي مۇدىرى دىڭ xx ، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لىيۇ xx، ئىلى ۋالىيسى ياۋ شۈن قاتارلىقلارنى شېڭ شىسەي قولغا ئېلىپ كەتكەنىدى) . كاڭ xx مۇدىر بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ سىياسىتىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلالمىدى. 1943 ـ يىل 7 ـ ئايدا مەكتەپنىڭ يىللىق خۇلاسە يىغىنىنى ئېچىش ئۈچۈن (سەيلە قىلىشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ياقۇپ دوكا بېغىغا چىققاندا، خۇلاسە دوكلاتىنىڭ ئاخىرىدا «چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان كىتاب ـ ژۇرناللارنى يىغىپ، شەھەردە بىر كۆتۈبخانا ئاچماقچى، قولۇڭلاردا شۇنداق كىتابلار بولسا، بەرسەڭلار» دېدى. ئەگەر ئۇنداق كىتابلار يىغىۋېلىنسا مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدا دەرسلىك قالمايتتى. 1943 ـ يىلى ئەتىيازدا گىمنازىيىدىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئىلى ھاۋا ئارمىيە مەكتىپىدىن ئادەم كېلىپ، خەنزۇچە ئۆگىتىشنى باشلىغان، مەكتەپ ئاشخانا زالىدا ھەپتىدە بىر قېتىم دەرس ئۆتكەنىدى. بۇ ھاۋا ئارمىيە مەكتىپى بىۋاسىتە چۇڭچىڭغا قاراشلىق



www.uyghurkitap.com

مەكتەپ بولۇپ، مەكتەپنىڭ ۋەزىپىسى ئۇچقۇچى يېتىشتۈرۈش ئىدى. مەكتەپتە سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى دەرس ئۆتەتتى. گىمنازىيىگە كېلىپ خەنزۇچە خەت ئۆگىنىش ئۇلارنىڭ تۇنجى نۆۋەت يەرلىك بىلەن ئالاقە قىلىشى ئىدى.

ئىلى گىمنازىيىسى ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىمۇ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما (فەندىخۇي) ئەزالىرى بار بولۇپ، گۇرۇپپىلار بويىچە ھەپتىدە بىر قېتىم يىغىن ئېچىپ ئۆگىنىش قىلاتتى (مەنمۇ بىر ئەزاسى ئىدىم). 1943 - يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرى بىر قېتىملىق يىغىندا مەلۇم بىر ئوقۇغۇچى ئەزا «خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار فەندىخۇي يىغىنى ئاچمايدىغان بوپتۇ، بىز قانداق قىلىمىز؟» دەپ پىكىر قويغاندا، «يۇقىرىدىن ئۆگىنىشنى توختىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش يوق، شۇڭا ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرىمىز» دېيىلگەنىدى. ئەمما، ھەممە سىنىپلاردىكى فەندىخۇي يىغىنلىرى توختاپ قالغاچقا، بىزنىڭ گۇرۇپپىنىڭ يىغىنلىرىمۇ تېز ئارىدىلا توختاپ قالدى.

1943 - يىلى يازلىق تەتىل كۈنلىرىدە گومىنداڭ ۋىلايەت بويىچە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ بارلىق ئوقۇغۇچىلىرىنى يىغىپ، تۇنجى قېتىم كۇرس ئېچىپ سەنمىنجۇيى (ئۈچ مەسلەك) نى سىياسىي دەرسلىك قىلىپ سۆزلىدى.

1943 - يىلى گومىنداڭغا ئەزا بولغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، مەسىلەن: شۇ كۈنلەردە ئىلىدىكى مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر، زىيالىيلاردىن گومىنداڭغا ئەزا بولغۇچىلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىمىغانىدىم. ئۇ چاغلاردا ئىلىدىكى مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاساسەن ئوقۇتقۇچىلار بولۇپ، ئىدارە - ئورگانلار ئاز، ئۇلارنىڭ ئىشتاتىمۇ ئاز بولغاچقا، ئىدارە - جەمئىيەتلەردە خىزمەت قىلىدىغان مىللىي كادىرلارمۇ ئىنتايىن ئاز ئىدى. 1940 - يىلنىڭ باشلىرىدا ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى ئىشتاتىدا يەتتە كىشى بولۇپ، بىر نەپىرى مىللىي تەپتىش خادىمى ئىدى. مالىيە - باج ئىدارىسىدا 42 كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ نەپىرى مىللىي تەپتىش خادىمى ئىدى. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدا تۆت نەپەر مىللىي خىزمەتچى خادىم بار ئىدى. ئۇ يىللىرى ئىلىدا خۇيزۇلاردىن باشقا، خەنزۇ تىلىنى بىلىدىغان بىرەر مىللىي كادىرنى تېپىشمۇ تەس ئىدى. پەقەت ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىدە داۋۇت موللا ئىسىملىك بىر ياشانغان كىشى تەرجىمان نامى بىلەن خىزمەت قىلاتتى، يىلدا بىرەر يېرىم قېتىم چوڭ يىغىن ئېچىلغاندا شۇ كىشى تەرجىمانلىق قىلاتتى. داۋۇت داموللا كىچىك چېغىدا شۆتاڭدا (خەنزۇچە مەكتەپتە) ئوقۇغان بولغاچقا، خەنزۇچىنى بىلسىمۇ، ئۇيغۇرچە ئەدەبىي تىلنى بىلمەيتتى. مىللىيلار خەنزۇچە بىلمىگەنلىكتىن، ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى ئاساسەن «ئىلى گېزىتى» (كىچىك فورماتلىق گېزىت) دە بېسىلغان خەۋەرلەر بىلەنلا چەكلىنەتتى.

ئىلىدا مەكتەپلەر مىللىي زىيالىيلار توپلانغان جاي بولغاچقا، گومىنداڭ مەكتەپلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلغانىدى. شۇ چاغدا ئاڭلىشىمچە، 1943 - يىل 6 - ئايدا ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما خادىملىرىدىن ئىككى كىشى گومىنداڭغا ئەزا بولغان، ئۆزلىرىنى ماركسىزم - لېنىنىزمچى دەپ ماختىنىپ يۈرگەنلەردىن ئايرىم كىشىلەر گومىنداڭ كېلىشى بىلەنلا گومىنداڭغا سادىق بولۇپ قالغان. شۇ كۈنلەردە مۇنداق بىر ئادەمنىڭ بولغانلىقى ئېسىمدە: ئا xx ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى «نەزەرىيىچى» ھېسابلاپ، ھە دېسىلا ماركسىزم - لېنىنىزمدىن سۆز ئاچاتتى. 1943 - يىل 3 - ئايلاردا ئىككى - ئۈچ ئوقۇتقۇچى سىرتتا ئولتۇرساق، ئۇ يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇرۇپلا ئۆزىچىلا سەنمىنجۇيىنى ماختاپ: «ھازىر بەزىلەر يەنە ماركسىزم - لېنىنىزمنى ماختاپ، سەنمىنجۇيىغا قارشى تۇرۇۋاتىدۇ، مۇنداق جاھىللارنىڭ كاللىسىنى ئېلىش كېرەك» دېدى. مەن گەپ تۈگىمەي تۇرۇپلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىپ قالدىم. ئۆزىنى خېلى سەۋىيىلىك ماركسىزمچى ھېسابلايدىغان بۇ ئادەمنىڭ بىردىنلا 180 گرادۇس بۇرۇلغانلىقىغا ھەيران قالدۇق. ئۇ، ياش ۋاقتىلىرىمىز بولغاچقا، سوتسىيالىزمغا قىزغىنلىقىمىز بولسىمۇ، سوتسىيالىزمغا بولغان چۈشەنچىمىز تولىمۇ ئاددىي ۋە

يۈزە بولغان، ماركسىزم - لېنىنىزم ھەققىدىكى سەۋىيەمىزمۇ بىر نەچچە نەزەرىيە فورمۇلالىرىنى يادلىۋېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدا «سەنمىنجۇيى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى تېخى نەشر قىلىنمىغان بولغاچقا، سەنمىنجۇيىنى مىللىيلاردىن ھېچكىم تېخى ئوقۇپ باقمىغانىدى، بۇ ئادەمنىڭ بىر نەچچە ئاي ئىلگىرىلا ماركسىزمنى ماختاپ، ئەمدىلىكتە گومىنداڭ كېلىشى بىلەنلا سەنمىنجۇيىنى كۆككە كۆتۈرۈشى «زامانغا ماسلىشىپ، ئۆز غېمىنى يېيىش» بولسا كېرەك، بۇ ئادەم ئۇچ ۋىلايەت دەۋرىدە خىزمەتكە قاتناشماي تىجارەتچى بولۇۋاپتۇ. ياشلار، زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك خىزمەت قىلىۋاتسا، بۇ ئادەم نېمە ئۇچۇن تىجارەتچى بولۇۋالىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمىدىم. ئۇچ ۋىلايەتتە گومىنداڭغا سادىق بولۇۋالغان، ھەتتا جاسۇسلۇق قىلغانلاردىن، ئۆز قىلمىشىغا توۋا قىلغانلار كەڭچىلىككە ئېرىشىپ، يەنە خىزمەتكە قاتناشقانلار كۆپ ئىدى، ئۇ كىشى چەتكە قېقىلغان ياكى ئۆزىنى چەتكە ئالغانمۇ؟ بىلمىدىم.

1943 - يىلى 6 -، 7 - ئايلاردا، ئىلىدا ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ، گومىنداڭ ساقچى - ئىشپىيونلىرى كۆپەيدى، ساقچىلار سوۋېت گراژدانلىرىغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتتى، سوۋېت كونسۇلخانىلىرىنىڭ ئەتراپىدا مەخپىي ساقچىلارنى كۆپەيتتى. ئوقۇتقۇچىلاردىن ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر مىللەت ياشلىرىدىن سوۋېت گراژدانلىقىغا يېزىلىپ قولىغا پاسپورت ئالغانلارنىڭ بىر قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتتى. 6 - مەكتەپ (تائالىيە) تىنىلا مەخمۇت قۇتلۇق، ئېلى ئەكبەر، ئەينىدىن، زۆھرە قاتارلىق ئالتە - يەتتە كىشى سوۋېت گراژدانلىقىغا ئۆتۈپ قولىغا پاسپورت ئالغانىدى. گومىنداڭچىلار مەندىن گۇمانلىنىپ «سوۋېت گراژدانى بولغان» دەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، «خەلقئارا كىتاب ماگىزىنى» ئەتراپىدىمۇ گومىنداڭ ساقچىلىرى كۆپەيدى. «خەلقئارا كىتاب ماگىزىنى» سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئاچقان ماگىزىن بولۇپ، ئۇنىڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە كىتابلار سېتىلاتتى، ئەدەبىي ئەسەرلەردىن باشقا، ۋ ك پ (ب) تارىخى، لېنىننىڭ «بالىلارچە سولچىللىق كېسىلى»، ئېنگېلسنىڭ «ئائىلە، دۆلەت ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەندەك ماركسىزم كلاسسىك ئەسەرلىرى ۋە باشقا سىياسىي كىتابلار بار ئىدى. بۇ كىتاب ماگىزىنىغا ئارىلاپ كىرىپ تۇرغانلىقىم ئۇچۇن گومىنداڭ ساقچىلىرىنى گۇمانغا سېلىپ قويغان بولسام كېرەك (بۇ كىتاب ماگىزىنى شېڭ شىسەي دەۋرىدە ئۈرۈمچى، ئالتاي، تارباغاتاي، قەشقەر قاتارلىق سوۋېت كونسۇلخانىلىرى بار شەھەرلەردە ئېچىلىپ، ئازادلىقتىن كېيىنمۇ بىر مەزگىل داۋاملاشقان). گومىنداڭ ساقچىلىرى كونسۇلخانا ئەتراپىدا كۆپىيىش بىلەن بىللە كونسۇلخانا خادىملىرى سىرتقا (بازارغا) چىقسا مەخپىي ساقچىلار كەينىدىن پايلاقچىلىق قىلىپ ماڭىدىغان بولدى، ھەتتا كونسۇلخانا خادىملىرى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ سىرتقا چىقسا، ساقچىلار ماشىنىنىڭ كەينىدىن ئاتلىق قوغلايتتى، ئەمما ماشىنىغا يېتىشەلمەي ئېزىپ قالاتتى، نەتىجىدە خەلقنىڭ كۈلكىسىگە قالاتتى. گومىنداڭ ساقچىلىرى سوۋېت كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ كۈندىلىك يېمەكلىكى ئۇچۇن بازاردىن ئۇن، گۆش، كۆكتات سېتىۋېلىشىنىمۇ چەكلەيدىغان، ھەتتا تىجارەتچىلەرنىڭ ئۇلارغا نەرسە - كېرەك سېتىپ بېرىشىنىمۇ چەكلەيدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلدى. 1943 - يىل 5 -، 6 - ئايلاردا گومىنداڭ ساقچىلىرى نېمە ئۇچۇن جىددىيلىشىپ كېتىدۇ؟ دەل شۇ مەزگىللەردە، شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان كېلىشىم بويىچە، كۆپلىگەن سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى يەرلىك ئورۇنلاردا خىزمەت قىلغاندىن باشقا، مايتاغ نېفىتلىكىدە، تۇدۇڭخابا زاۋۇتىدىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى خىزمەت قىلغان، شۇنداقلا قۇمۇلدا «8 - پولك» نامىدا بىر بىرىگادا سوۋېت ئارمىيىسى تۇرغان (8 - پولكنى كېلىشىم بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا خەلقئارادىن كەلگەن ياردەمنىڭ ئۆز جايىغا بىخەتەر يەتكۈزۈلۈشىنى قوغداشقا كەلگەن، دەپ ئاڭلىغاندۇق).

شېڭ شىسەي - سوۋېت مۇناسىۋىتى بۇزۇلغاندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن، سوۋېتلىكلەر ئۆز دۆلىتىگە قايتقان. شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى چىقىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنى قاتتىق رەنجىتمەي قويمايتتى. سوۋېتلىكلەر قايتىش ئالدىدا، بىر قىسىم مۈلۈكلەرنى سېتىۋەتكەن، بىر قىسمىنى يۆتكەپ كەتكەن، بەزى ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇۋەتكەن. قۇمۇلدىكى 8 ـ پولكنىڭ بىر قىسمى قۇمۇلدىن تاشقى موڭغۇل ئارقىلىق، بىر قىسمى ئۈرۈمچى ـ غۇلجا ئارقىلىق قايتقان. شۇ مەزگىلدە (1943 ـ يىل 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا)، ئىلى، قەشقەر، ئالتايلاردا گومىنداڭغا قارشى ھەرىكەتلەر پەيدا بولغان، بۇ ئەھۋالنىڭ گومىنداڭنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويۇشى تەبىئىي ئىدى. شۇڭا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى دەسلەپكى چاغلاردا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئىچكى جەھەتتە جىددىي ھەرىكەت قىلىشى تەبىئىي. 1943 ـ يىلنىڭ ئاخىرى ۋە 1944 ـ يىلنىڭ باشلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلۇم ـ سىتەملىرى كۈچىيىشكە باشلىدى، پارىخورلۇق، بۇلاڭ ـ تالاڭ، ئىدارىلاردا قىمار ئويناش كۆپەيدى.

گومىنداڭنىڭ تەشۋىقاتىدا خەنزۇلار بىلەن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر «خۇاڭدى ئەۋلادى»، «ئۇرۇقداشلار» دېيىلگەن. ئىلىدىكى ھاۋا ئارمىيە مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار يەرلىك مىللەت قىزلىرىنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان، ئايرىم گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يەرلىك مىللەت قىزلىرىنى نىكاھىغا ئېلىپ، ئاز كۈندىن كېيىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىپ «پاھىشىخانىلارغا سېتىپتۇ» دېگەن گەپ ـ سۆزلەرمۇ تارقالغان. بۇ ئىشلار يەرلىك مىللەتلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان، ھەتتا بىر قېتىم بىر نەچچە ياش بىرلىشىپ بىر گومىنداڭ ئوفىتسېرى (لىيەنجاڭ) نى ئۇرۇپ، تاپانچىسىنى تارتىۋالغان.

## 2. سوۋېت ئىتتىپاقىدا

1943 ـ يىل 6 ـ ئايلاردا ئىلىدىكى گومىنداڭ ساقچىلىرىنىڭ ھەرىكىتى جىددىيلەشكەن بولسىمۇ، بەزى ياشلار يەنىلا سوۋېت گراژدانلىقىغا يېزىلىۋالغان، بەزىلىرى گراژدانلىققا يېزىلماي تۇرۇپلا چېگرىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەنلىكى توغرىلىقمۇ خەۋەرلەر تارقىلىپ تۇراتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىۋاتقان ياشلارنىڭ ھەممىسىنى سىياسىي سەۋەپتىن بولدى، دېگىلى بولمايدۇ، بەزى ياشلار مەسىلەن: رۇس ياشلىرى ۋەتەنگە قايتىش ئارزۇسىدا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

1943 ـ يىل 6 ـ ئايلاردا مەنمۇ ۋەزىيەتكە قاراپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىش نىيىتىگە كەلدىم. سوۋېت ئىتتىپاقىغا رەسمىيەت ئۆتەپ مېڭىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، چېگرىدىن قېچىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. چېگرىدىن قېچىپ ئۆتۈشكە ئەڭ قولايلىق جاي چاپچال ناھىيىسىنىڭ خونۇقاي مازار يېزىسى ئىدى، مەھەللىنىڭ چېگرىغا ئەڭ يېقىن ئارىلىقى نەچچە ئون مېتىرلا بولسىمۇ، لېكىن چېگرىغا سىم تارتىلغان دەپ ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن، ئىلى گىمنازىيىسىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئوقۇغۇچىسى، چاپچال خونۇقاي مازارلىق مۇھەممەت يولداش ئوغلىدىن ياردەم سورىدىم (ئۇنىڭ ئائىلىسى چېگرىغا يېقىن جايدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم). ئۇنىڭغا: «يازلىق تەتىلدە مەن سىلەر تەرەپكە بارسام، مېنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈشۈمگە ياردەم قىلساڭ» دېيىشىمگە، ئۇ تېزلا ماقۇل بولدى، شۇنداقلا «مەنمۇ سىز بىلەن كېتىمەن» دېدى. باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئالدىنئالا «يازلىق تەتىلدە خونۇقاي مازىرى تەرەپكە يايلاۋغا بارىمىز» دېگەن سۆزنى تارقىتىشقا كېلىشتۇق. چۈنكى ئۇ چاغدا غۇلجىدا ياز كۈنلىرى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە شەھەر ئاھالىلىرىدىن ئىمكانىيىتى بارلارنىڭ يايلاققا بېرىپ دەم ئېلىش ئادىتى خېلى ئومۇملىشىپ قالغانىدى. يازلىق تەتىل يېتىپ كېلىشى بىلەنلا مۇھەممەت يولداش ئىككىمىز خونۇقاي مازار تەرەپتىن كەلگەن بىر هارۋىنى تېپىپ يولغا چىقتۇق، شۇ كۈنى كەچقۇرۇن مۇھەممەت يولداشنىڭ چېگرا بويىدىكى ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. ئىككى كۈندىن كېيىن «يايلاۋغا چىقىمىز» دېگەن سۆزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تاغقا (يايلاۋغا) چىقتۇق. بىز بارغان يايلاۋغا

خونوخاي مازارلىق ئابۇزەر خەلپەم قاتارلىق بەش ئالتە كىشىمۇ بارغانىكەن. بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، «شەھەرگە قايتىمىز» دەپ، مۇھەممەت يولداشنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدۇق. يولغا چىقىش ئالدىدا مۇھەممەت يولداش ماڭا مەسلىھەت بېرىپ: «چېگرا بويىدىكى كونا قاراۋۇلخانىدا سېتىۋالدىنىڭ ئۆيى بار (سېتىۋالدى شۇ يىلى ئىلى گىمنازىيىسىنىڭ ئۇيغۇر 6 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئىدى)، ئۇ يەر چېگرىغا ناھايىتى يېقىن، بىز شۇ يەردە چېگرىدىن ئۆتسەك ئەپلىك بولىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت يولداش سېتىۋالدىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا مەسلىھەت قىلسا، سېتىۋالدىمۇ «مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە بارىمەن» دەپ تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ چېگرىدىن ئۆتىدىغان ئادەم ئۈچ بولدۇق. مەن چۈشتىن كېيىن سېتىۋالدىنىڭ ئۆيىگە باردىم. كېلىشىۋالغىنىمىز بويىچە، بىز خاماندا ياتماقچى بولدۇق. ئەل ياتاردا سېتىۋالدى ئاتلىق بېرىپ مۇھەممەت يولداشنى چاقىرىپ كەلدى، ئۈچىمىز كېچىدە غەربكە قاراپ يولغا چىقتۇق. «گومىنداڭنىڭ چېگرا ئەسكەرلىرى ھەپتىدە ئىككى قېتىم چېگرا چارلايدىكەن» دەپ ئاڭلاپ، چارلاشقا چىقمايدىغان كۈننى تاللاپ ماڭغانلىقىمىز ئۈچۈن، چېگرىدىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كەتتۇق. بۇ 1943 - يىل 8 - ئاينىڭ باشلىرى ئىدى، ئەتراپ تولىمۇ قاراڭغۇ بولغانلىقتىن، ئېدىرلىقلار ئارىسىدا ئېزىپ قالدۇقمۇ، ئىشقىلىپ ئىككى سائەتلەر ماڭارمىز دەپ مۆلچەرلىگەن يولنى تۆت - بەش سائەت مېڭىپ، تاڭ ئاتقاندا سوۋېت چېگرا پونكىتىنىڭ يېنىغا يېتىپ باردۇق. بىزنى كۆرگەن قاراۋۇل داڭ ئۇرۇشقا باشلىۋىدى، ئالدىمىزغا تېزلا ئىككى قىزىل ئەسكەر كېلىپ: «قەيەرگە بارىسىلەر؟» دەپ سورىدى. بىز «زاستاۋ (چېگرا قاراۋۇلخانىسى) غا بارىمىز» دېدۇق. ئۇلار بىزنى زاستاۋغا ئېلىپ باردى. زاستاۋ ئورنى بىر يارلىقنىڭ تۆۋىنىدە بولۇپ، ئادەتتىكى بىر كونا قورو، بىر نەچچە ئېغىزلا ئۆيى بار ئىكەن. قورۇ يېنىدا كىچىك بىر بۇلاق، ئەتراپىدا بىر نەچچە تۈپ دەرەخ بار ئىكەن. ئەسكەرلەر بىزنى كىچىك بىر ئېغىز ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، ئىشىكنى سىرتىدىن تاقاپ قويدى. بىرەر سائەت ئۆتەر - ئۆتمەيلا، بىر ئوفىتسېر مايكا - ئىچ كىيىم بىلەنلا بىز بار ئۆيگە كىرىپ كەلدى ھەم بىزنىڭ ئىسىملىرىمىزنى سوراپ خاتىرىلىۋالدى. بۇ ئوفىتسېر ئۆزبېك تىلىدا سۆزلەيتتى. مەن ئىسىم - فامىلەمنى ئېيتقاندا «سىز ئىلى گىمنازىيىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىمۇ؟» دەپ سورىدى، مەن «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردىم. مۇھەممەت يولداش ئىسمىنى دېۋىدى، «داداڭ ساڭا خوتۇن ئېلىپ بېرىمەن دەۋاتسا، سەن قېچىپ چىقىپسەنغۇ؟» دەپ كۈلۈپ قويدى. بۇ ئوفىتسېر ئىسىملىرىمىزنى خاتىرىلەپ بولۇپ، ئەسكەرلەرگە: «ئىشىكنى تاقىماڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى، ئاندىن بىزگە قاراپ: «ھويلىغا چىقىپ ئايلىنىپ كىرسەڭلا بولىدۇ، لېكىن يىراققا كەتمەڭلار» دېدى. ئوفىتسېر كەتكەندىن كېيىن، مەن مۇھەممەت يولداشتىن: «ئۇنىڭ دېگىنى راستمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «بىر قېتىم توي توغرىلىق گەپ بولغانىدى، بىراق ئۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى، بۇلار قانداق بىلىۋالغاندۇ؟» دېدى، بىز ھەيران بولغىنىمىزدىن بىر بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدۇق. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن بىر ئوفىتسېر بىزنى بىر يۈك ماشىنىسىغا سېلىپ ياركەنت رايونىغا ئېلىپ ماڭدى. چېگرىدىن ياركەنت رايونىغا بارىدىغان تاشيول بولمىغاچقا، پۈتۈنلەي دېگۈدەك ھارۋا يولى (توپىلاڭ يول) دا ماڭدۇق. يولنىڭ بىر قىسمى قېلىن سۆكسۆكلۈك، بىر قىسمى شورلۇق ياكى كەڭ كەتكەن دالا ئىدى. شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندە ياركەنتتىكى چېگرا قىسىملىرىنىڭ باش شتابىغا يېتىپ كەلدۇق. باش شتابتا بىر كېچە قوندۇق، ئەتىسى بىزنى ساقچى ئورۇنلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

ساقچى مەسئۇللىرى ئۈچىمىزنى ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىپ، بىزنىڭ ۋاقتىنچە كولخوزدا ئىشلەپ تۇرىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى ھەم كەچتە رايون مەركىزىدىكى مېھمانخانا «كولخوزچىلار ئۆيى» گە بېرىپ يېتىشىمىزنى، ئەتىسى كولخوزدىن ئادەم كېلىپ بىزنى ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى، يەنە: «ئالمۇتىدىن ئۇيغۇر تىياتىرى كەلگەن ئىكەن، بۈگۈن ئاخشام كونسېرت قويىدىكەن، كۆرۈشنى

www.uyghurkitap.com

خالامسىلەر؟» دەپ سورىدى، بىز دەرھال «كۆرەيلى» دېدۇق. ئۇ كىشى كاتىپ ئايالغا بىزنى ئۆيۈنغا ئېلىپ بېرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى تاپىلىدى.

ياركەنت رايونىنىڭ مەركىزى بولغان ياركەنت شەھىرى ئادەتتىكىچە كىچىك شەھەر بولۇپ، شەھەر ئىچىدە ئىككىلا كوچا بار ئىكەن. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىر قەۋەتلىك قورو - جايلار جايلاشقان بولۇپ، تۆزۆكرەك بىرەر ماگىزىنمۇ كۆرۈنمەيتتى. ياركەنت رايونى ناھايىتى كىچىك رايونلارنىڭ بىرى بولغاچقا، نوپۇسىمۇ كۆپ ئەمەس، شەھەر بويىچە ئاران 300 ئادەم سىغىدىغان بىر كۇلۇبى بار ئىكەن. قىسقىسى ياركەنت (پانفىلوف) بىر رايون (ناھىيە) مەركىزى بولسىمۇ، بىزنىڭ 90 - يىللاردىكى ئوتتۇرىچە بىر يېزا مەركىزىچىلىكلا كېلەتتى. ئويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يەرلىك ئۇيغۇرلار بولۇپ، بىز كۇلۇبقا كىرىشىمىز بىلەنلا ھەممىسى ھەيران قالغان قىياپەتتە بىزگە قاراشتى. ئۇلار بىزنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىمىزگە قاراپلا غۇلجىدىن كەلگەنلىكىمىزنى بىلگەن ياكى ئۈچ ياشنىڭ فرونتقا بارماي، ئارقا سەپتە يۈرگەنلىكىگە قاراپ ھەيران قالغان بولسا كېرەك. كونسېرت ئاياغلاشقاندىن كېيىن، كەچتە «كولخوزچىلار ئۆيى» (رايون مېھمانخانىسى) گە باردۇق. بۇ مېھمانخانىمۇ بەك ئاددىي بولۇپ، ئەسلىدە بىر شەخسنىڭ قوروسى ئىكەن. تۆت ئېغىز ئۆيى بار ئىكەن، ھەر بىر ئۆيگە ئىككىدىن كارىۋات قويۇلغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ قورو خېلى يامان ئەمەس قورو ھېسابلىناتتى، پۈتۈن رايون مەركىزىدە بىرەر - ئىككى قەۋەتلىك بىنامۇ كۆرۈنمەيتتى. رايونلۇق كولخوز رەئىسلىرى يىغىنى (15 - 20 كىشىلىك) ئېچىلسىمۇ بىرەر كۈندىلا تۈگەيدىكەن، ھەرقايسى كولخوزلارنىڭ رەئىسلىرى رايون مەركىزىگە كەلگەندە، ئۆيى بارلىرى ئۆز ئۆيلىرىدە ياتسا، ئۆيى يوقلىرى تۇغقانلىرى ياكى ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىدە ياتىدىكەن. 2 - كۈنى ئەتتىگەندە دىمىترىيېف كولخوزىنىڭ رەئىسى ئارۇپ ئاكا بىزنى كولخوزغا ئېلىپ باردى. دىمىترىيېف كولخوزى شەھەردىن بەش - ئالتە كىلومېتىر

يىراقلىقتا بولۇپ، كىچىكلا بىر كولخوز ئىكەن، پەقەت 20 نەچچە ئۆيلۈك ئەزاسى بولۇپ، بىر ئېرىق قارىسۇ (بۇلاق سۈيى) غا تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىدىكەن، ئاساسەن، بۇغداي، شال تېرىيدىكەن، دېھقانچىلىقتا ئادەم بىلەن ئۇلاغقا تايىنىدىكەن، بىزنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېزىلىرى ماشىنىلىشىپ بولدى» دېگەن تەسەۋۋۇرىمىزدىن تولىمۇ يىراق ئىكەن. بىز كولخوزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىسرائىلوف ئاكىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇق، تاماقنىمۇ شۇلارنىڭكىدە يەيدىغان بولدۇق. گەرچە كولخوزنىڭ تۈزۈملىرى بولسىمۇ، بىزنى چەت ئەلدىن كەلدى دەپ ئانچە قاتتىق تەلەپ قويمىدى. بۇ كولخوز ئۇيغۇرلار توپلاشقان كولخوز بولۇپ، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق كولخوز ھېسابلىنىدىكەن، قارىغاندا ئۇلار بىزنى تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالمىسۇن، دەپ مۇشۇ كولخوزغا ئورۇنلاشتۇرغان بولسا كېرەك. شۇ يىلى سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشى باشلانغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن، ئادەملەر «ستالىن ئۈچۈن»، «ۋەتەن ئۈچۈن» دېگەن شۇئار ئاستىدا ئىشلەيدىكەن. 17 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەربىي چاقىرىق بىلەن تىزىمغا ئېلىنىپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلىدىكەن. شۇڭا مەيلى يېزا مەيلى شەھەردە بولمىسۇن ياشلارنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكىدىلا يېشىغا قاراپ ھەربىي سەپكە چاقىرىلغانلىقتىن، نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر ئالدىنقى سەپكە كېتىپ قېلىپ، ئىگىلىك ئىشلىرىدا قىيىنچىلىق يۈز بەرگەن، شۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتى ئىختىساس ئىگىلىرىنى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشتىن قالدۇرغان ۋە ئۇلارنىڭ قولىغا ئالاھىدە گۇۋاھنامە بەرگەن. كوچىدا ئاندا - مۇندا كۆرۈنۈپ قالىدىغان بىرەر يېرىم ياشلارمۇ ئالدىنقى سەپتە يارىدار بولۇپ، سەپتىن چېكىنگەن ياكى ۋەزىپە ئۆتەشتىن قالدۇرۇلۇپ، قولىغا گۇۋاھنامە بېرىلگەن مۇھىم كادىرلارلا ئىدى. بىز ئىشلىگەن «دىمىترىيېف» كولخوزى ئېتىزلىرىدا ئەمگەك قىلىۋاتقانلارنىڭ بىز ئۈچىمىزدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئاياللار، قېرىلار ۋە باللار ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئاشلىق

مەسلىسىمۇ ئىنتايىن جىددىي بولۇپ، پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ يەيدىغان نېنىمۇ نورمىلىق ئىدى، شەھەر خەلقى كۈنگە 400 گرام، ئىشچىلار 750 گرام بولكا بىلەن تەمىنلىنەتتى. باشقا يېمەكلىكلەر نورمىسىز بولسىمۇ، تېپىش قىيىن ئىدى. كولخوزلاردا دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان ئاشلىق ۋەزىپىسى ئورۇنلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئېشىندى ئاشلىق كولخوزچىلارغا ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىنىپ بېرىلىدىكەن، گەرچە شۇ يىلىنىڭ كۈز كۈنلىرى بولسىمۇ، كولخوز ئاياللىرىنىڭ «ئاشلىقىمىز يېتىشمەي كاۋا پىشۇرۇپ يېدۇق» ياكى «ياڭيۇ پىشۇرۇپ يېدۇق» دېگەندەك گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. كولخوزلارنىڭ ئاشلىق تەقسىمات ئۇسۇلى، بىزدىكى «خەلق گۇڭشېسى» دەۋرىدىكى ئاشلىق تەقسىمات ئۇسۇلىغا ئوخشىمايتتى، بىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان ھەرخىل مەھسۇلاتلار پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ، ساپ كىرىم (نەق پۇل) ھەر بىر ئەمگەكچىنىڭ ئىش نومۇرىغا قاراپ تەقسىم قىلىناتتى، شۇنداقلا ھەر بىر ئائىلىگە ياش پەرقى ۋە ئەمگەك كۈچىگە قاراپ نورمىلىق ئاشلىق تەقسىم قىلىناتتى، ئاشلىقنىڭ پۇلى شۇ ئائىلىگە تېگىشلىك كىرىمدىن تۇتۇپ قېلىناتتى. سوۋېت كولخوزلىرىدا بولسا، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار تۈرلەر بويىچە (مەسىلەن: ئاشلىق، ياڭيۇ ۋە باشقا كۆكتاتلار ھەم نەق پۇل) ھەر بىر كولخوزچىنىڭ ئەمگەك نومۇرىغا قاراپ تەقسىم قىلىنىدىكەن. مەسىلەن: بىر ئەمگەك كۈنگە ئىككى كىلو ئاشلىق، بىر كىلو ياڭيۇ، ئىككى سوم نەق پۇل تەقسىم قىلىنىدىكەن، ئەمگەك نومۇرى يۇقىرىلارغا ئاشلىقمۇ كۆپ تېگىدىكەن، جان سانى كۆپ ئەمما ئەمگەك كۈچى ئاجىزلارغا ئاز تېگىدىكەن، نەتىجىدە ھەر بىر ئائىلىنىڭ يېمەك ئاشلىقى كاپالەتكە ئىگە بولالمايدىكەن، ئاشلىقى يېتىشمىگەنلەر ئامالىنى ئۆزلىرى قىلىدىكەن.

سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇشىدا سوۋېت خەلقى فاشىزمغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قوغداش يولىدا زور قۇربانلارنى بەرگەن. ئارقا سەپتىكى كولخوزچىلار، ئىشچىلارنىڭ ئاققۇزغان قان ـ تەرى، تۆلىگەن بەدىلى ناھايىتى زور بولغان. ئۇلار جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن خىزمەت قىلغان، شۇ چاغدىكى سوۋېت خەلقىنىڭ جاپادىن قورقمايدىغان، ئۆز ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن فاشىزمغا قارشى جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغان روھىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى تەسىرلەنمەي تۇرالمايتتى.

شۇ چاغدا، ئىلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەلگەن بىرقانچە ياش ياركەنت رايونىدا ئىشلەپ تۇرغانىدى. 1943 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇلارنى چېگرا رايوندىن ئىچكى رايونلارغا يۆتكىدى. شۇ قاتاردا مەنمۇ چېگرىدىن بىللە ئۆتكەن ئىككى ھەمراھىمدىن ئايرىلدىم. ئەپسۇسكى مەن ئۇلارغا نەگە بېرىپ نېمە قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتالمىغانلىقىمنىڭ ئۈستىگە ھەتتا خوشمۇ دېيەلمىدىم. شۇ كۈنلەر — شىنجاڭدىن تۈرلۈك يوللار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەلگەن بىر تۈركۈم ياشلار تەشكىللىنىپ، ئىلىغا قايتىپ قوزغىلاڭ قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان كۈنلەر ئىدى.

شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ چىققان ياشلار گومىنداڭغا قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن، 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرنەچچە يېرىدە گۇرۇپپا بولۇپ تەشكىللەنگەن، جۈملىدىن ئالمۇتىدىمۇ بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلىندى. بۇ گۇرۇپپا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆگىنىش كۇرسىغا يىغىلدى. كۇرسانتلار ئىچىدە مىرزا ئىسىملىك بىر قازاق يىگىت بولۇپ، ئۇ مېنىڭ ئىلى گىمنازىيىسىدىكى ئوقۇغۇچۇم ئىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا، «ۋاي، مۇئەللىم» دەپ مەن بىلەن كۆرۈشتى، شۇ كۈنىدىن باشلاپ، مىرزىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن كۇرسانتلارنىڭ ھەممىسى مېنى «ئەپەندىم» دەپ چاقىرىدىغان بولدى. بىزنىڭ كۇرستا 10 نەچچە ئادەم بار ئىدى، كۇرسىنىڭ ئورنى ئالمۇتا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى «ئالماتىنكا» غولىنىڭ ئىچىدىكى ساناتورىيە ئىدى. بۇ ساناتورىيە ئىككى قەۋەتلىك زامانىۋى قۇرۇلۇش بولسىمۇ، ئۇرۇش يىللىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بوش تۇرۇپ قالغانىكەن. بىزنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى باشقىلار بىلمەيتتى، ھەتتا كۇرس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرمۇ بىزنىڭ نېمە

www.uyghurkitap.com

قىلىدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىمىزنى بىلمەيتتى. بىر كۈنى بىزگە يېقىن دەم ئېلىش ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان قازاقىستاننىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىلىرىدىن مۇختار ئەۋىزوف، مۇسرىپوۋ، تاجىباييېف قاتارلىقلار ئايلىنىپ، بىز تۇرغان بىناغا كېلىپ قالدى، بىليارت تاختىسىنى كۆرۈپ، بىليارت ئوينىدى. ئۇلار ئۈچ كىشى بولغاچقا مېنىمۇ بىللە ئويناشقا تەكلىپ قىلدى. بىليارت ئويناۋېتىپ مۇختار ئەۋىزوف مەندىن «سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلار؟» دەپ سورىۋىدى، مەن دەرھال: «تاشكەنتتىن» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ يەنە: «بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلەر؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن «كۇرستا ئوقۇغىلى كەلدۇق» دېدىم. كېيىن بۇ ئەھۋالنى باشقۇرغۇچىغا ئېيتقىنىمدا، ئۇ: «يەنە شۇنداق سورىغۇچىلار بولسا، پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتىمىز دېسەڭلار بولىدۇ» دېدى. شۇندىن كېيىن بۇ كۇرسنى «پارتىيە مەكتىپى» دەيدىغان بولدۇق.

كۇرستا ئۆزىمىزنىڭ ۋەزىپىسى ھەققىدە سۆزلەشمەيتتۇق، ئارىمىزدىكى بەزىلەر تاماق ۋاقتىدا: «يەڭلار ئاغىنىلەر، يەڭلار، ئوبدانراق يەڭلار، ئەتە كىم بار، كىم يوقلۇقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ» دېيىشەتتى. ئۇرۇش مەزگىلى بولغاچقا، ئالمۇتىدا يېمەك - ئىچمەك قىس بولسىمۇ، كۇرستا بىز ئاشلىق بىلەن نورمىسىز تەمىنلىنەتتۇق، تەمىناتىمىزمۇ يۇقىرى ئىدى.

كۇرستىكى ئۆگىنىشىمىز ئانچە جىددىي ئەمەس، دەرس ئۆتۈشمۇ سىستېمىلىق ئەمەس ئىدى. كۇرسقا قاتناشقانلارنىڭ 90% تىن كۆپرەكى باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدە، ھەتتا ئارىسىدا چالا ساۋات ھەم ساۋاتسىزلارمۇ بار ئىدى، كۆپ ۋاقىتلاردا باشقۇرغۇچىمىز ئەخمەت ئاققۇشقاروف كۈندە چۈشتىن ئىلگىرى دەرس ئۆتەتتى. كېيىن شەھەردىن ئوقۇتقۇچىلار كېلىپ بىرنەچچە قېتىم دەرس ئۆتتى.

7 - ئاي مەزگىلىدە باشقۇرغۇچى ئەخمەت ئاققۇشقاروف مېنى چاقىرىپ: «سىلەرنىڭ ئىلىغا قايتىشىڭلار تەستىقلاندى» دېدى ھەم مېنى ئالدىدىكى كىچىك ئورمانلىققا باشلاپ باردى. مەندىن: «سىلەر شىنجاڭغا قايتىپ بېرىپ گومىنداڭنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن قانداق قىلماقچىسىلەر؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن مەقسىدىنى چۈشىنەلمەي «قايسى جەھەتتىن دېمەكچىسىز» دەپ سورىۋىدىم، ئۇ: «مەسىلەن، تاشقى موڭغۇلىيىدەك مۇستەقىل بولامسىلەر ياكى ج ك پ نىڭ رەھبەرلىكىدە بىر پراۋىنسىيە (ئۆلكە) بولۇپ قالامسىلەر؟» دېدى، مەنمۇ ئەينى چاغدىكى كۆز قارىشىم بويىچىلا: «ئىنقىلاب قىلىپ سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرساق دەپ ئويلايمەن، باشقا نەرسىنى ئويلىمىدىم، چۈنكى سوتسىيالىزم بولغاندىلا خەلق ئەركىن، ئازات ياشىيالايدۇ، جەمئىيەت تەرەققىياتىمۇ تېز بولىدۇ دەپ قارايمەن» دېدىم. ئۇ مېنىڭ دېگەنلىرىمنى تولۇق قۇۋۋەتلىگەندىن كېيىن، «سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى شەرقىي شىمالغا كىرىپ ياپونىيىنىڭ كانتون ئارمىيىسىنى تار مار قىلىدۇ. ياپون مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بارلىق قوراللارنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، ئازادلىق ئارمىيە پۈتۈن كۈچى بىلەن گومىنداڭغا ھۇجۇم قىلسا، ئۈچ - تۆت يىلغا قالماي پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئازاد بولىدۇ. شۇ چاغدا شىنجاڭ ج ك پ نىڭ رەھبەرلىكىدىكى بىر ئۆلكە بولۇپ قالىدۇ...» دېدى. مەنمۇ ئۇ چاغدا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىككى چوڭ كومپارتىيە دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت ئورنىتىلسا، سوتسىيالىزم دۇنيادا تېزرەك ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن، دېگەن قاراشتا بولغانىدىم. شۇڭلاشقا كېيىنكى كۈنلەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىدى، پىلانى ھەققىدە گەپ - سۆز بولغاندا «ئىلىدىكى ئوق ئاۋازىنىڭ ياڭرىشىدىن بۇرۇنلا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى بېكىتىلىپ بولغان» دەپ قاراپ كەلگەندىم.

شۇ كۈنلەردە ساناتورىيىنىڭ يېنىدىكى سايغا (غولغا) قازاقىستان ئىچكى ئىشلار قوراللىق قىسمى يازلىق لاگېرغا چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋالىبول كوماندىسى بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ مۇسابىقە ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇ مۇسابىقىدا يېقىلىپ چۈشۈپ پۇتۇمنىڭ ئوشۇق قىسمى ئىششىپ كېتىپ ماڭالماي قالدىم، ئىككى - ئۈچ ئايغىچە داۋالىنىشقا توغرا كەلدى. 8 - ئاينىڭ بېشىدا كۇرس باشقۇرغۇچى

ماڭا «باشقىلار شىنجاڭغا ماڭىدىغان بولدى، سەن پۇتۇڭ ساقايغاندىن كېيىن ماڭىدىغان بولدۇڭ» دېدى، شۇنىڭ بىلەن مەن گۇرۇپپامدىن ئايرىلىپ ئالمۇتىدا داۋالاندىم.

شۇ چاغدا شىنجاڭغا ماڭغانلار:

1. فاتىخ مۇسلىموف (گۇرۇپپا باشلىقى)
2. خەمىت مۇسلىموف (فاتىخنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى)
3. رەفىق بايچۇرىن (فاتىخنىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى)
4. قۇربان بۇرھانىدىنوف
5. ئوسمان ئىبراھىموف
6. نۇر ئوبۇلوف
7. ھوشۇر مامىتوف (بۇ كىشىلەر غۇلجىدىن)

بۇلاردىن فاتىخ مۇسلىموف بۇرۇن ئىلقا ناھىيىسىدە سودا شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى بولغان. قۇربان بۇرھانىدىنوف ئۇرۇمچىدىكى ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، مەخپىي ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قاتناشقانلىقتىن، گومىنداڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان، لېكىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، 1943 - يىلى كۈزدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغان. باشقىلىرى ياش ئىشچىلار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئوسمان، نۇر، ھوشۇرلار غۇلجىدىكى گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيە مەكتىپىدىكى سوۋېتلىك مۇتەخەسسىلەرنىڭ ھويلا ئىشچىلىرىدىن ئىدى.

1944 - يىل 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا فاتىخ باشلىق بۇ يەتتە كىشى ئالمۇتىدىن ئىلقا تاغلىرىغا قاراپ كەتكەندىن كېيىن، كۇرستا يەنە يۇسۇپ، ۋاھاپ مىرزا قاتارلىق ئالتە - يەتتە كىشى قالدى. ئۇلارمۇ ئاز ۋاقىت ساقلىغاندىن كېيىن، جاي - جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مېنى بولسا قازاقىستان مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا «ئىلمىي خادىم» قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇنى «خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى» دېگەندىن كۆرە، «ۋاقىتلىق كۈتۈپ تۇرۇش» دېگەن تۈزۈك، چۈنكى، ئۇلاردا بىرەر ئادەمنى تۇرمۇشتا تەمىنلەشكە توغرا كەلسە، مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ ئىشتاتىغا كىرگۈزۈپ تەمىنلەش لازىم ئىكەن. مېنىڭ نىمە ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئىدارە باشلىقىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇڭا مېنىڭ كۆپرەك ۋاقتىم باشلىقنىڭ رۇخسىتى بىلەن كىتابخانىدا كىتاب كۆرۈش ئىدى، تۇرمۇشۇمنىمۇ ئېتىبار بېرىش ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇردى. پۇتۇم سەللىمازا ساقىيىپ كېتەلمىگەنلىكىنىڭ ئۈستىگە بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن 1944 - يىل 9 - ئايدىن 1945 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە داۋالاندىم. 4 - ئاينىڭ بېشىدا ئالمۇتىدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلدىم.

## 3. ۋەتەنگە قايتقاندا

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك، ئالمۇتىدىكى كۇرس (پارتىيە مەكتەپ) ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، داۋالىنىپ سالامەتلىكىممۇ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ۋەتەنگە قايتىدىغان بولدۇم. ئۇرۇش ۋاقتى بولغاچقا، شىنجاڭ - سوۋېت قاتنىشى توختاپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت غۇلجىدىكى كونسۇلخانىنىڭ بىر يۈك ماشىنىسى بەلگىلىك مۇددەتتە قاتناپ تۇرىدىكەن. ماڭا شۇ ماشىنا بىلەن قايتىشقا توغرا كەلدى. ماشىنىدا ئالمۇتىدىن ئەتتىگەن سائەت ئالتىدە يولغا چىقىپ، كەچقۇرۇن قاراڭغۇ چۈشكەندە غۇلجىغا يېتىپ كەلدىم. چېگرا ئاتلاپ چىقىپ كەتكىنىمگە بىر يىل سەككىز ئاي بولغان بولسىمۇ، بۇ ۋاقىت ماڭا ئىنتايىن ئۇزۇن بىلىندى. ئانا يۇرت - ئانا ۋەتەندىن ئايرىلىپ سىرتتا يۈرگەندە ۋەتەننى سېغىنىش، ۋەتەنگە ئىنتىلىش كۈچلۈك بولۇشى تەبىئىي، بىرنەچچە يىل ئەمەس، بىر نەچچە ھەپتە چەت ئەلگە بېرىپ قايتقاندىمۇ، ۋەتەننىڭ تۇپرىقى، ۋەتەننىڭ ھاۋاسىنىڭمۇ ئۆزگىچە گۈزەل، يېقىملىق بولىدىغانلىقىنى كىشىلەر ھېس قىلماي تۇرالمىسا كېرەك.

غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن تونۇش - بىلىش، ئەل - ئاغىنىلەر بىر تەرەپتىن يوقلاپ كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ياكى بۇ ئىدارىدىكىلەر خىزمەتكە تەكلىپ قىلىپ كېلىشتى. ئۇ چاغلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت تاللاش ھوقۇقى بار

uyghurkitap.com

بولغاچقا، ئۆز خاھىشىم بىلەن شۇ چاغدا مائارىپ نازارىتىگە نازىر بولغان سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەكلىپى بىلەن مائارىپ نازارىتىگە خىزمەتكە كىردىم. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت دەۋرىدە ئاساسەن مائارىپ خىزمىتى ۋە ياشلار خىزمىتىنى ئىشلىدىم. ئۆزەممۇ ئەسلىدە ئوقۇتقۇچى بولغانلىقىم ئۈچۈن مائارىپ ئورۇنلىرىدا ئىشلەشنى ئارزۇ قىلاتتىم. غۇلجىغا قايتىپ كېلىشىم بىلەنلا ئىنقىلاب جەريانىدا يۈز بەرگەن بەزى ئەھۋاللارنى، جۈملىدىن ئالمۇتىدىن كەتكەنلەردىن خەمىت مۇسلىموفنىڭ نىلقا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا قىلىنغان ھۇجۇمدا قەھرىمانلىق بىلەن قۇربان بولغانلىقىنى، فاتىخ مۇسلىموفنىڭ نىلقىغا ھاكىم بولغانلىقىنى، باشقىلىرىنىڭ ھەربىي سەپتە ئىكەنلىكىنى، بايچۇرىنىڭ پولكوۋنىك، ئوسمان ئىبراھىموفنىڭ مايور بولغانلىقىنى (ئۇرۇشتا ئوسماننىڭ قولىغا ئوق تېگىپ بىر قولى ناكا بولۇپ قاپتۇ)، نۇر ئوبۇلوفنىڭ نىلقا ناھىيىلىك ساقچى باشلىقى (كاپىتان) بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ھوشۇر مامىتوف (كاپىتان) بولسا ئىچكى ئىشلار نازارىتى قوراللىق ئەترىتىنىڭ كوماندىرى بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ. قۇربان بۇرھانىدىنوف غۇلجا شەھىرى ئازاد بولغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېتىپتۇ. نېمە سەۋەبتىن كەتكەنلىكىنى بىلمىدىم.

نىلقا ناھىيىسىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تۇنجى جەڭ ئوقى ئۇلاستاي يېزىسىدا روزى ھېيت كۈنى يەنى 1944 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئېتىلغاندىن كېيىن، ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرى تېزلا ئەتراپقا كېڭەيگەن، زۇلۇم دەستىدىن ئېزىلىپ بوزەك قىلىنغان ھەر مىللەت خەلقى قوزغىلاڭچىلارنى قوللاپ، ئۇلارغا قوشۇلغان. گومىنداڭچىلارنىڭ خەلق ئىچىگە تارقاتقان «ئالتە ئوغرى» دېگەن پىتنە - ئىغۋالىرى بىتچىت بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار سېپى ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، قۇدرەتلىك قوشۇنغا ئايلانغان. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق ھۇجۇملىرىنى تارمار قىلىپ، 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى پارتىزانلار غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم باشلىغان. شۇ كۈنى غۇلجىنىڭ غەرب تەرىپىدىنمۇ بىر گۇرۇپپا پارتىزانلار كەلگەن. پارتىزانلارغا ماسلىشىپ شەھەر خەلقىمۇ قولىغا كالتەك، ئارا، ئورغاقلارنى ئېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكەن. 12 - نويابىر كۈنى غۇلجا شەھىرى ئاساسەن ئازاد بولغان. قالدۇق گومىنداڭ كۈچلىرى شەھەر ئەتراپىدىكى ئايرودروم، ھەرەمباغ گازارمىسى ۋە لياڭشاڭ بۇتخانىسى قاتارلىق جايلارغا چېكىنىپ، ئىستىھكام قۇرغان. بۇ قالدۇق گومىنداڭ كۈچلىرى ئۇرۇمچى تەرەپنىڭ بۇيرۇقى ھەم گومىنداڭ ئايروپىلانلىرىنىڭ مەدەت، ياردەم بېرىشى بىلەن بىرنەچچە ۋاقىت جان تالاشقان بولسىمۇ، ئاخىرى 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تەلتۆكۈس تارمار قىلىنغان.

مەن غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندە گەرچە شەھەردە ئۇرۇش توختىغىنىغا ئىككى ئايچە بولغان بولسىمۇ، ئۇرۇش خارابىلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى، بولۇپمۇ ھەرەمباغ گازارمىسىغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى كەسكىن ھەم ۋاقتى ئۇزۇن بولغاچقا، خارابىلاردا ئوق ئىزلىرىمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ھەتتا بۇ ئەتراپتىكى دەل - دەرەخلەرمۇ چولاق، قاقشال بولۇپ قالغانىدى. بەزى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئوق زەربىسىدىن قۇرۇپ كەتكەن دەرەخلەرنى تاختاي قىلىش ئۈچۈن ھەرە سالغاندا، دەرەختىكى ئوق باشلىرى ھەرە چىشلىرىنى كاردىن چىقارغان، دەرەخلەر ماتېرىيال بولۇشقا يارىماي، ئوتۇن بولۇپ قالغان.

گەرچە شەھەردە ئۇرۇش خارابىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. چۈنكى خەلق ئۆزلىرىنىڭ غەلىبىسى بىلەن خۇشاللىققا چۆمگەنىدى، ئۇلار ئازادلىق ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىشقا، مال - مۈلكىنى تەقدىم قىلىشقا تەييار ئىدى، ئىنقىلابنىڭ تولۇق غەلىبە قىلىشىغا مۇتلەق ئىشىنەتتى، چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئىنقىلابنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەنلىكىنى ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قازىنىشىدىكى مۇھىم ئامىل دەپ قارايتتى. خەلق ئىچىدە بولىدىغان ئۆزئارا سۆھبەتلەرنىڭ تېمىلىرىدىن بىرى گومىنداڭنىڭ چىرىكلەشكەنلىكى بولسا، يەنە بىرى ئۇرۇش سەپلىرىدىكى ھەر مىللەت پارتىزانلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرى

ئىدى. جۇملىدىن شەھەر خەلقى ئىچىدە «باتۇر» لار تۇغرىلىق قوشاقلارمۇ توقۇلغان.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى — ئاشكارا پارىخورلۇق قىلىش، قىمار ئويناش، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى، ئىت - توخۇلىرىنى ئوغرىلاش قاتارلىق رەزىل ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەن خەلق ئاممىسى ئۇلاردىن بىزار بولغانلىقىنى سۆزلەيتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شۇنچىلىك ۋەھشىيلەشكەنكى، غۇلجىدا قوزغىلاڭ باشلىنىشنىڭ ئالدى - كەينىدە شەھەردىكى ساقچى ئىدارىلىرى ھەر مىللەت خەلقىدىن 280 كىشىنى (كۆپىنچىسى ياشلار) قاماققا ئېلىپ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەن، بەزىلىرىنى بوغۇپ ئۆلتۈرسە، بەزىلىرىنى چاناپ ئۆلتۈرگەن، ھەتتا بەزىلىرىنى باغلاپ تىرىك پېتى چوڭقۇر ھاجەتخانىلارغا تاشلاپ ئۆلتۈرگەن. غۇلجىدىكى باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ قورۇسىغا، سېپىل تۈۋىگە كۆمۈلگەن ۋە رايون ساقچىخانىسىغا كولانغان بىرنەچچە كونا قۇدۇق ۋە چوڭقۇر ھاجەتخانا ئىچىدىن چىققان جەسەتلەرنى كۆرگەن خەلق ئاممىسىنىڭ غەزىپى ھەسسىلەپ ئاشقان. ساقچى ئىدارىسى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇ جەسەتلەر شەھەر خەلقىگە ئېكسكۇرسىيە قىلىپ كۆرسىتىلگەندە ئەتراپنى يىغا - زارە قاپلاپ كەتكەن. شۇ كۈنلەردە پارتىزانلار شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، 1 - رايون ساقچى ئىدارىسىنى ئىگىلىگەندە، ساقچى ھويلىسىدىكى بىر كونا قۇدۇقتىن 74 جەسەتنى تارتىپ چىقارغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكى سېزىلىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ قۇتقۇزۇپ قېلىنغان. قۇتقۇزۇۋېلىنغان كىشى توپادەڭ مەھەللىلىك تېيىپ ئىسىملىك، بازاردا يايمىچىلىق قىلىپ كۈن كەچۈرىدىغان ئادەم ئىكەن. تېيىپ ساقايغاندىن كېيىن ئەھۋالنىڭ جەريانىنى مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: «بىر كۈنى ئەتتىگەندە بازارغا كېتىۋاتسام، 1 - رايون ساقچىسى تۇتۇۋېلىپ، سولاپ قويدى، بىرەر ئېغىز گەپمۇ سورىمىدى. بىر كۈنى كەچتە ھەيدەپ چىقىپ قورۇدىكى كونا قۇدۇق بېشىغا ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدىم. ساقچى قىلىچىنى چېپىشىغىلا ئۆزەمنى قۇدۇققا ئاتقانلىقىمنى بىلىمەن، ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. ھوشۇمغا كەلسەم ئازراق يارىدار بوپتىمەن. 3 - كۈنى پارتىزانلار مېنى قۇتقۇزۇۋالدى». شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئۇنى «تېيىپ غازى» دەپ چاقىرىدىغان بولغان. تېيىپ 1980 - يىلىنىڭ بېشىدا ۋاپات بولغان. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان يەنە بىر كىشى بار دەپ ئاڭلىغانىدىم.

«زالىمنىڭ زۇلۇمى ئاشسا، زاۋاللىقى يېقىنلىشىدۇ» دېگەندەك، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قەبىھ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىغا نىسبەتەن، خەلقنىڭ ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ قوزغالغان. مىلتىق، گىرانات دېگەنلەرنى ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغان ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا بۇ قوراللارنى ئىشلىتىشنى ئىگىلىۋالغان. خەلق ئۆز پەرزەنتلىرىنى (ھەتتا يالغۇز ئوغۇل بولسىمۇ) ئەسكەرلىككە يازدۇرۇپ، ئالدىنقى سەپكە ئۇزاتقان. ھەر مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدا گومىنداڭچىلارنىڭ پوتەيلىرىدىن ئېتىلىۋاتقان پىلىموت ئوقلىرىغا قارىماي، پىلىموتلارنى پوتەي تۆشۈكىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىش، بەدىنىگە گىرانات، بومبىلارنى باغلاپ گومىنداڭنىڭ مۇستەھكەم ئىستىھكاملىرىغا بۆسۈپ كىرىشتەك تىللاردا داستان بولغىدەك ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەن.

غۇلجا شەھىرى ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» تەشكىل قىلىنغانلىقى ئېلان قىلىندى. 1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مىللىي ئارمىيە رەسمىي تەشكىل قىلىندى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن بەزى نازارەت - ئورگانلارمۇ تەشكىل قىلىنىپ ئىش باشلىغان. ھۆكۈمەت تەشكىلىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپتىكى تەشكىل بولغان «ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تەشكىلاتى» (خەلق ئىچىدە ‹ئازادلىق جەمئىيىتى› دەپمۇ ئاتالغان) نىڭ

ئەزالىرى ئاساس قىلىنغان. «ئازادلىق تەشكىلاتى» غۇلجا شەھرىدە 1944 ـ يىلى 4 ـ ئايلاردا قۇرۇلغان مەخپى تەشكىلات بولۇپ، ۋەزىپىسى خەلق ئاممىسىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش بولغان. «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ ئەزالىرى ئېلىخان تۆرە (باشلىقى)، مۇھەممەتجان مەخدۇم، رەھىمجان سابىرھاجى، ئابدۇرەئۇپ مەخدۇم، ، جانى يولداشوف، سالى جانباي، ئابدۇكېرىم ئاباسوف، قاسىمجان قەمبىرى، مۇھىددىن ئەخمىدى، زۇنۇن تېيىپوف، نۇردۇنبەك، ئۆمەرجان پىرمۇھەممەت قاتارلىق 12 كىشىدىن تەركىب تاپقان. بۇلاردىن باشقا بۇ تەشكىلاتنىڭ تۆۋەندە ئەزالىرىمۇ بولمىغان. بۇ تەشكىلاتتىن باشقا غۇلجا شەھرىدە گومىنداڭغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان بىر بۆلەك ياشلار بولغان. غۇلجا شەھرى ئازاد بولۇپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى بىلەنلا، بۇ تەشكىلاتنىڭ ۋەزىپىسى تاماملىنىپ، ئۆز پائالىيىتىنى توختاتقان.

مەن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن چاغدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەسئۇللىرى ھەم سوۋېتلىك مەسلىھەتچىلىرى تۆۋەندىكىدەك ئىكەن.

| ئىسمى: | ۋەزىپىسى: | سوۋېتلىك مەسلىھەتچىسى: |
|---|---|---|
| ئېلىخان تۆرە | جۇمھۇرىيەت رەئىسى | مۇھسىن ئەپەندى |
| ھاكىمبەك خوجا | جۇمھۇرىيەت مۇئاۋىن رەئىسى | |
| ئابدۇرەئۇپ مەخدۇم | جۇمھۇرىيەت باش كاتىپى | |
| رەخىمجان سابىرى | ئىچكى ئىشلار نازىرى | ئېلى ئەپەندى |
| ئەنۋەر مۇسابايېف | مالىيە نازىرى | گىرىبىنكو (رۇس) |
| سەيپىدىن ئەزىزى | مائارىپ نازىرى | ئابدۇللايېف، خېلەم خۇدابەردىيېف |
| سالى جانباي | يەر ـ سۇ نازىرى | ئۆمەر ئەپەندى |
| ئابدۇمۇتائالى خەلپەم | دىنىيە نازىرى | جەپەر داموللا |
| مۇھىددىن ئەخمىدى | سەھىيە نازىرى | |
| مۇھەممەتجان مەخسۇم | سوت باشلىقى | |
| جانى يولداشوف | تەپتىش باشلىقى | سۇلايمان روزىيېف |
| ئابدۇكېرىم ئاباسوف | مەركىزىي ھۆكۈمەت تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى | مېھمانوف |
| قاسىمجان قەمبىرى | مەركىزىي ھۆكۈمەت كادىرلار بۆلۈم باشلىقى | |
| ئەخمەتجان قاسىمى | مەركىزىي ھۆكۈمەت ھەربىي بۆلۈم باشلىقى | سەئىد ئەخمەت |
| پالىنوف | ھەربىي باش قوماندان (كېيىنكى قوماندان ئىسھاقبەك)، مۇئاۋىنلىرى دەلىلقان، زۇنۇن تېيىپوف | |

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن ھاجى (خۇيزۇ)، بۆكە ئامبال (موڭغۇل)، چاڭ باخشى (شىبە)، غېنى، ماسكالياۋ (رۇس ئىچكى ئىشلار مۇئاۋىن نازىرى) قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇ چاغدا ھەر بىر مەمۇرىي ئورگاندا مەخسۇس سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى بولۇپلا قالماي، مىللىي ئارمىيىدىمۇ كۆپلەپ سوۋېت ئوفىتسېرلىرى ئىشلىگەن، نوۋگورد (يېڭىشەھەر) دىكى رۇس

چېركاۋىنىڭ باش پوپىمۇ موسكۋادىن ئەۋەتىلگەنىدى. ئۈچ ۋىلايەت بويىچە ئەڭ ھوقۇقلۇق سوۋېتلىك مەسئۇل خادىم غۇلجا شەھەر نوۋگورودتىكى 2 - نومۇرلۇق ئۆيدە بولۇپ، بۇ ئورۇن مەخپىي ئىدى.

ئىلى ۋىلايىتى تولۇق ئازاد قىلىنىپ، ئورگان - ئاپپاراتلىرى، مىللىي ئارمىيە رەسمىي تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، شىمالىي يۆنىلىش (ئالتاي - تارباغاتاي)، ئوتتۇرا يۆنىلىش (جىڭ، شىخو) ۋە جەنۇبىي يۆنىلىش بويىچە يۈرۈشكە ھازىرلىق كۆرۈپ، ھۇجۇم باشلىدى. شىمالىي يۆنىلىش قىسىملىرى ناھايىتى تېزلىكتە يەرلىك پارتىزانلار بىلەن بىللە 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتىنى، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئالتاي ۋىلايىتىنى تولۇق ئازاد قىلدى. مىللىي ئارمىيە ئىككى يۆنىلىش بويىچە ھۇجۇم باشلىغان كۈنلەردە، گومىنداڭ قوشۇنىدا ئەسكەر بولۇپ يۈرگەن مىللىيلاردىنمۇ خېلى نۇرغۇنلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللاپ، قوراللىق قېچىپ چىقىپ ئىنقىلابىي قوشۇنغا قوشۇلدى. مەسىلەن: 1945 - يىلى ياز پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەنلا مايتاغدىن سوپاخۇن بىر لىيەن قوراللىق مىللىي ئەسكەرنى باشلاپ، گومىنداڭغا قارشى كۆپ قېتىم جەڭ قىلىپ، قاتمۇقات مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىلىغا بارغان، دۆربىلجىن تەرەپتىن ھوشۇروپ ئىسلام، ئابدۇرېھىم قاتارلىق 25 كىشى قوراللىق مىللىي ئارمىيە تەرەپكە ئۆتكەن، ئالتايدا ياقۇپ (بەنجاڭ) باشلىق 53 كىشى، ئوبۇلقاسىم قاتارلىق 15 كىشى قوراللىق ئۆتكەن، ئۇ يىللاردا يالغۇز ياكى بىرنەچچە كىشى بىرلىشىپ قوراللىرىنى كۆتۈرۈپ، ئىنقىلاب سېپىگە ئۆتكەنلەر خېلى كۆپ ئىدى. ئۇلار ئىنقىلاب سېپىگە قوشۇلغان كۈنىدىن باشلاپ تا ئاخىرغىچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئالدىنقى سەپتە قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغان. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيە يۇقىرىقى ئىككى يۆنىلىش بويىچە ھۇجۇم باشلاش بىلەن بىرگە، مىللىي ئارمىيە باش شتابى 4 - ئايدا كۈنەس ئارقىلىق ئۇششاقتال تەرەپكە، 8 - ئايدا توقسۇن ناھىيىسىنىڭ ئالغۇي دېگەن يېرىگە، 9 - ئايدا قاراشەھەرنىڭ چاغان ئۇسۇ تەرەپلىرىگە پارتىزانلارنى ئەۋەتىپ، تاكتىكا خاراكتېرلىك كىچىك جەڭلەرنى ئېلىپ باردى. 8 - ئايدا كۈنەس ئارقىلىق جەنۇبقا ماڭغان قىسىم تەڭرىتاغ داۋانلىرىدىن ئۆتۈپ، 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى باي ناھىيىسىنى، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئونسۇ ناھىيىسىنى ئازاد قىلغان. ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم بازىسى جىڭ ناھىيىسىنى، 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىخو ناھىيىسىنى ئازاد قىلىپ، شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ماناس دەرياسىغىچە يېتىپ باردى. ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئالاقزادە بولۇپ تەۋرىنىپ قالدى. مۇشۇنداق ئىلگىرىلەۋاتقان مەزگىلدە، مىللىي ئارمىيىنىڭ ماناس دەرياسىدىن ئۆتمەسلىكى، جەنۇبىي يۆنىلىشتىكىلەرنىڭ چېكىنىپ قايتىپ كېلىشى ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلگەن. ئەگەر ئۇرۇش توختىتىلمىغان، مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسى بويىدىن توختىماي شەرققە قاراپ ھۇجۇم قىلغان بولسا، بىر ھەپتىدە ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، مىللىي ئارمىيە جىڭ، شىخولارنى ئازاد قىلىشتا گومىنداڭنىڭ 10 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىش بىلەن بىللە نۇرغۇن قورال - ياراغقا ئىگە بولغانىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئۈرۈمچىدە گومىنداڭنىڭ قوراللىق كۈچى ئالتە يىڭ (باتالىئون) لا قالغاچقا، ئۇلار ئۈرۈمچىنى تاشلاپ قېچىشقا ئاللىبۇرۇن تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە، ئۇرۇش توختىتىلغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزىدىغانلىق خەۋىرى تارقالدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ قېلىشى، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى تاسادىپىي ئىش ئەمەس. مىللىي ئارمىيە ئەنە شۇنداق غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەۋاتقان شارائىتتا، بىردىنلا ئۇرۇشنى توختىتىپ قويۇش ئادەملەرنى ھەيران قالدۇرغان. شۇنداقلا نېمە ئۈچۈن تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە قارىتا ئاممىنىڭ

چۈشەنچىسى ئېنىق ئەمەس ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭنىڭ سۆھبىتى باشلىنىپ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئىچىدىمۇ ئىنقىلاب قىلىشتىكى مەقسەت مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئەمەس ئىكەن، دېگەن قاراش پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بىتىم ئىمزالىنىش ئالدىدا، يەنى سوۋېت كوماندىرلىرى ۋەتىنىگە قايتىش ئالدىدا، ئۇلارنىڭ يېقىن كىشىلىرىگە تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىدىغانلىقىنى، شىنجاڭ مۇستەقىل بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويغان.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن بولغان سۆھبىتى 8 ئاي داۋام قىلىپ، نۇرغۇن تالاش - تارتىشلار ئارقىلىق «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالاندى، 1946 - يىل 1 - ئىيۇندا ئۈرۈمچىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بۇ بىرلەشمە ھۆكۈمەت بىر يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتىپ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن بېسىم ئىشلىتىشى، قوراللىق ئىغۋاگەرچىلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى تۈپەيلىدىن ئاخىرى بىتىم بۇزۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى 1947 - يىلى 8 - ئايلاردا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىپ چىقىپ غۇلجىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

1947 - يىلى 8 - ئايدىن 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئۆز رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ئۆز ئىشىنى ئۆزى باشقۇردى، بولۇپمۇ 1948 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ باشچىلىقىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەسىس قىلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ كېيىنكى غەلىبىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق كۆرۈلدى.

1949 - يىل 8 - ئايدا يولداش ليۇ شاۋچى موسكۋاغا زىيارەتكە بارغاندا، مەركىزىي كومىتېت يولداش دېڭ لىچۈننى ئالاقىچى سۈپىتىدە ئىلىغا ئەۋەتتى. شۇ يىلى 9 - ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان 1 - قېتىملىق مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا ۋەكىل تەكلىپ قىلىندى. شۇ يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيجىڭغا قاراپ ئۇچقان ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق بەش ۋەكىل ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلغاندىن كېيىن، 2 - قېتىم سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋەكىل بېيجىڭدا ئېچىلغان 1 - قېتىملىق مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتناشتى.

1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندە ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ۋە ئارمىيىسى يەتتە ۋىلايەت خەلقى بىلەن بىللە ئازادلىق ئارمىيىنى قارشى ئالدى.

## 4. مائارىپ سېپىدە

بىتىم ئىمزالىنىپ ئۈرۈمچىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، سەيپىدىن ئەزىزى ئۆلكىلىك مائارىپ نازىرى بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەتكەندە، مەن قوشۇمچە ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدىم. ئۈچ ۋىلايەت دەۋرىدىكى مائارىپ نازارىتىنىڭ خىزمىتى ئاساسەن ئىلى ۋىلايىتى دائىرىسىدىلا بولاتتى. ئالتاي، تارباغاتاي كېيىنرەك ئازاد بولغانلىقى ۋە قاتناش قولايسىزلىقىدىن ئىلى ۋىلايىتى 11 ناھىيە، بىر شەھەر (بورتالا، جىڭ، ئارشاڭ ناھىيىلىرى بۇنىڭ ئىچىدە) بىلەن چەكلىنەتتى. كېيىنكى چاغلاردىمۇ ئالتاي، تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىلىرى يىلدا بىر - ئىككى قېتىم يىغىنغا قاتناشقان ياكى خىزمەت دوكلاتى يوللىغاندىن سىرت، ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇراتتى. ئىلىدىكى مائارىپ نازارىتىدە ئاساسەن 4 بۆلۈم بولۇپ، كاتىبات بۆلۈمى (بۆلۈم باشلىقى مۇھەممەت مەنسۇر)، مەكتەپلەر بۆلۈمى (بۆلۈم باشلىقى ئەنۋەر خانبابا)، مالىيە بۆلۈمى (بۆلۈم باشلىقى ئىمىن موللاھاجى)، كادىرلار بۆلۈمى (بۆلۈم باشلىقى سەيپۇللايېۋ) لاردىن

ئىبارەت ئىدى. كېيىنچە مەدەنىيەت - ئاقارتىش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، مۇھەممەت باقى بۆلۈم باشلىقى بولدى. ھەر بىر بۆلۈمدە ئىككىدىن تۆتكىچىلا كادىر ئىشلەيتتى. كېيىن مائارىپ ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىمۇ شتاتتا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى. مەكتەپلەر بۆلۈمى قارىمىقىدا بىر نەچچە مۇپەتتىش (ئىنسپېكتور) لا بولۇپ، شەھەر، ناھىيىلەردىكى مەكتەپلەرنى ئايرىلاپ تەكشۈرەتتى.

ئۈچ ۋىلايەتتە «بىر باشلىقلىق تۈزۈمى» يولغا قويۇلغان بولۇپ، يىغىن ئاز ئېچىلاتتى. ئىدارە باشلىقى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىشقا قويۇش ياكى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. مەكتەپلەردىمۇ مەكتەپ مۇدىرى ئوقۇتقۇچىلارنى سەپلەش، ئىشتىن بوشىتىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. ناھىيىلەردىكى مائارىپ بۆلۈملىرىدە ئىككى - ئۈچ نەپەر كادىر ئىشلەيتتى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدىكى ئۆزگىچىلىكى بار دېيەرلىك ئىش — ئاددىي بولسىمۇ، مۇپەتتىشلىك (ئىنسپېكتورلۇق) تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى.

ۋىلايەتتىمۇ ھەرقايسى ناھىيىلەر ئۈچۈن (ئىككى ناھىيىگە بىردىن) مەخسۇس مۇپەتتىش بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇلار يېزا مەكتەپلىرىگىچە ئايرىلاپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسى، مالىيە ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئىشلارنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلاتتى ۋە ئەھۋالنى يۇقىرىغا دوكلات قىلىپ تۇراتتى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسى ئۇرۇش ھالىتىدە بولسىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى زور بولسىمۇ، مائارىپ ئىشلىرى ياخشى تۇتۇلغاچقا، مائارىپىنىڭ سۈپىتىدىمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئىلىدا 1944 - يىل 11 - ئايدىن كېيىن بىر مەزگىل (ئۇرۇش ھالىتى مەزگىلىدە) دەرس توختىغان بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن مەخسۇس تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىلدى، ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن، بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ قولىغا قورال ئالدى، بەزىلىرى ئىدارە - جەمئىيەتلەردە مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. بۇ شارائىتتا بىر تەرەپتىن يېڭىدىن كۇرس ئېچىپ ياش ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش چىڭ تۇتۇلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت سۇرۇشتە قىلىپ، ھەربىي سەپكە كىرىۋالغان، بەزى ئىدارىلارغا ئورۇنلاشقان كونا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر قىسمىنى (شۇ ئورۇندىكى ۋەزىپىسى ئانچە مۇھىم بولمىغانلارنى) مائارىپ سېپىگە قايتۇرۇپ كەلدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارارى بىلەن غۇلجىدا مەخسۇس يېتىملار مەكتىپى (دارىلئىتام) قۇرۇلۇپ، بۇ مەكتەپنىڭ پۈتۈن راسخوتىنى ھۆكۈمەت ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بۇنىڭدىن باشقا، 1948 - يىلى ئىلى گىمنازىيىسى مەخسۇس بىلىم يۇرتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى ۋە ئىلىدىكى سوۋېت دوختۇرخانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېببىي تېخنىكوم قۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك:

1943 — 1944 - ئوقۇش يىلىدا

498

1915

59546

2314

1949 — 1950 - ئوقۇش يىلىدا

295

980

28345

1051

ئىلىدىكى بىلىم يۇرتى ۋە تېببىي تېخنىكومدا 295 ئوقۇغۇچى بولۇپ، شۇ مەزگىلدىكى شىنجاڭ بويىچە مائارىپ ئەڭ تەرەققىي قىلغان رايون ھېسابلىناتتى. ئەمدى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەتتە ۋىلايەتكە قاراپ باقايلى، شۇ يىللىرى يەتتە ۋىلايەتتە مائارىپ كۆپ ئارقىغا چېكىنىپ كەتكەن، ئەكسىيەتچى كۈچلەر ۋە بەزى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ زۇلمەتلىك سىياسىتىدىن كۆپلىگەن مەكتەپلەر تاقىلىپ كەتكەن. مەسىلەن: گومىنداڭنىڭ گېنېرالى ياڭ دېلياڭ (خۇيزۇ) قۇمۇلدا تۇرغان مەزگىلدە «مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرى پەننى ئوقۇماي، مولىلارنىڭ قولىدا ئوقۇشى لازىم» دەپ تەرغىپ قىلغانلىقتىن، مۇتەئەسسىپلەر

تەرىپىدىن بىر قىسىم مەكتەپلەر بىر مەزگىل توختىتىپ قويۇلغان. جەنۇبىي شىنجاڭدا مەكتەپلەرنىڭ تاقىلىپ قېلىش ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىر بولغان، بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتكەن. مال باھاسىنىڭ ئۆچقاندەك ئۆرلىشى، جايلاردىكى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ كىرىمىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، ھەتتا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى تارقىتالماسلىقتەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ئىنتايىن ناچارلاشقان. جەنۇبىي شىنجاڭدا شەھەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر ئايلىق كىرىمگە ئاران بىر كىلو گۆش سېتىۋالغىلى بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىققان. 1949 ـ يىلى قۇمۇلدا بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئايلىق مائاشى شۇ چاغدىكى پۇل بىرلىكىدە نەچچە مىليون يۈەن بولغان بولسىمۇ، پۇل پاخاللىقىدىن شۇ بىر ئايلىق مائاشقا ئاران بىر قاپ سەرەڭگە كەلگەن. 1943 ـ يىلى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى بىلەن قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى، پۇلنىڭ پاخاللىششى چېكىگە يەتكەن، بۇ ئەھۋالدا ئەلۋەتتە مەكتەپلەر ۋەيران بولغان.

ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىنجاڭدا 1942 — 1943 ـ ئوقۇش يىلىدىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 271 مىڭ بولغان بولسا، 1949 ـ يىلى 29 مىڭغا چۈشۈپ قالغان، ئوقۇتقۇچىلار سانى 6000 دىن 2000 غا چۈشۈپ قالغان.

ئۈچ ۋىلايەتتە مائارىپتىن باشقا مەدەنىيەت ئىشلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈنگەنىدى. شۇ چاغدا شەھەردە تۆت كىنوخانا بار ئىدى، شېڭ شىسەي دەۋرىدىن تارتىپلا كىنوخانىلارنى سوۋېت كونسۇلخانىلىرى (ئىلى، ئالتاي، چۆچەك، ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردە سوۋېت كونسۇلخانىلىرى بار ئىدى) ھەقلىق تەمىنلەيتتى. ئۈچ ۋىلايەتتە داۋاملىق سوۋېت فىلىملىرى قويۇلۇپ تۇراتتى. 1944 ـ يىلى غۇلجىدىكى بىر كىنوخانا ئامبىرىدا سوۋېت فىلىمىدىن ئۈچى ساقلىنىپ قالغان، 1947 ـ يىلىغا كەلگەندە سوۋېت كونسۇلخانىسى تەلەپ قىلىپ قايتۇرۇۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن. ئۈچ ۋىلايەتتە كىنو ئىشلىرىدىن باشقا، تىياتىر سەنئىتىمۇ يولغا قويۇلغان، ئىلىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدا بىر تىياتىر ئۆمىكى بولۇپ، 1946 ـ يىلى بۇ تىياتىر ھۆكۈمەت شتاتىغا كىرگۈزۈلگەن ھەمدە 40 شتاتلىق بولغان. بۇ ئۆمەك شىنجاڭ تارىخىدىكى ھۆكۈمەت شتاتىدا تەشكىللەنگەن تۇنجى ئۆمەك بولۇپ قالدى. بۇرۇن سەنئەتچىلەر ئۇيۇشما قارىمىقىدا كەچتە كۇلۇبقا يىغىلىپ مەشغۇلات قىلسا، كۈندۈزى ئۆزىنىڭ شەخسىي تىرىكچىلىكىنى قىلاتتى، ھۆكۈمەت شتاتىغا ئۆتكەندىن كېيىن تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولدى.

ئىلى رايونىنىڭ سەنئەت ئىشلىرىدا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك بولۇپ، ناخشا ـ مۇزىكا ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلغانىدى، سازەندە، خەلق سەنئەتكارلىرىغا خېلى باي ئىدى. داڭلىق مۇزىكانت ھەم مۇقامچى روزى تەمبۇر ئەنە شۇلارنىڭ ۋەكىلى. 1946 ـ يىلى ياز ئايلىرىدا يازغۇچى زۇنۇن قادىر بىلەن مۇزىكانت زىكرى ئەلپەتتا ئىككىسى مېنى ئىزدەپ كېلىپ، روزى تەمبۇرنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى ھەمدە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇلارنىڭ تەكلىپى بويىچە روزى تەمبۇرنىڭ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىپ بېرىلدى. ئۇلار يەنە: «روزى تەمبۇر ياشىنىپ قالدى. غۇلجىدا ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى بىلىدىغانلاردىن مۇشۇ كىشىلا قالدى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالساق، تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ 12 مۇقامنى ئېلىپ قالساق» دېگەن تەكلىپنى بەردى. بۇمۇ ياخشى تەكلىپ بولغاچقا مۇزاكىرىلىشىپ، سەنئەت ئۆمىكى ئىچىدە مۇزىكا كۇرسى ئېچىپ، ياش مۇزىكانتلارنى تەربىيىلەشنى ئۇيۇشتۇردۇق، شۇنداقلا روزى تەمبۇرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلدۇق، ئۆگىتىش ھەققى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مائارىپ ئىدارىسىدىن قوشۇمچە ھەق بېرىلدى. مۇشۇ باشلانغان سەنئەت كۇرسى ئاندا ـ مۇندا ئۈزۈلۈپ قالسىمۇ، ئازادلىقتىن كېيىن 50 ـ يىللارغىچە داۋاملاشتى، كۇرسنىڭ نەتىجىسى ئۇنۇملۇك بولدى. مەرھۇم ئابلىزخان مامۇت، ھۈسەنجان جامى، غىياسىدىن بارات، ئابلاجان قاتارلىق ئازادلىقتىن كېيىن كۆزگە كۆرۈنگەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر مۇزىكانتلىرىمىز ئەنە شۇ

كۇرستا تەربىيىلەنگەن. ئىلى مۇقاملىرى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇلغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان، بولۇپمۇ 12 مۇقامنىڭ داستان قىسمى ئىلىدا ئالاھىدە ئېيتىلغاچقا، ھازىرمۇ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئولتۇرۇش، مەشرەپلەردە ئېيتىلىپ كېلىۋاتىدۇ، شۇ كۇرستا روزى تەمبۇر 12 مۇقامنىڭ يەتتىسىنى ئۆگىنىپ چىققانىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئومۇمەن ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغاچقا، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، كادىر يېتىشمەسلىك ئەھۋاللىرى، ۋاقىتنىڭ قىسقىلىقى قاتارلىق ئەمەلىي سەۋەبلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىدا مەلۇم تەرەققىيات بولغان.

## 5. ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىدا

1945 ـ يىل 15 ـ نويابىردا غۇلجىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» قۇرۇلدى، 1948 ـ يىل 8 ـ ئايدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، ياشلار تەشكىلاتى ئىتتىپاق تەركىبىگە قوشۇلۇپ، ئىتتىپاقنىڭ ياشلار بۆلۈمى بولغان. بۇ ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەركىزىي كومىتېت ھەيئەت ـ رىياسەتچىلىرى (پرېزىدىئۇملىرى) تۆۋەندىكى كىشىلەردىن تەركىب تاپقانىدى: ئابدۇكېرىم ئابباسوف (رەئىس)، سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇللا زاكىروف، ئەنۋەرخانبابا، مەتتىمىن ئىمىنوف، بۇقارا تىشقانبايېف (قازاق) ۋە سەيپۇللايېف (مۇئاۋىن رەئىس).

1946 ـ يىل 6 ـ ئايدا تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنىش ئالدىدا، بىرنەچچە يولداش ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدىغان بولۇپ قالغاچقا، قايتا سايلام ئېلىپ بېرىلىپ، سەيپۇللايېف ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسلىكىگە، ھۇسەيىن سىيابايېف (قازاق) مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى ۋە ئەسئەت ئىسھاقوف (تاتار)، ياقۇپبەك داتقايوف (ئۆزبېك)، دەلىن (شىبە)، نۇرجامال ھاشىروۋا قاتارلىقلار ھەيئەت رىياسىتىگە تولۇقلىنىپ سايلاندى. ياشلار تەشكىلاتىنىڭ تۆۋەندە ئىككى ۋىلايەتلىك (ئالتاي، تارباغاتاي) كومىتېتى ۋە بىر ھەربىي كومىتېتى بار ئىدى. تەشكىلاتنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئىشلىرىنى مەركىزىي كومىتېت بىۋاسىتە باشقۇراتتى. ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى 27 ناھىيە (يۈلتۈز بىر ناھىيە) دە ناھىيىلىك كومىتېتلىرى بولۇپ، ئومۇمىي ئەزاسى 14 مىڭدىن ئاشاتتى. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئابلىمىت ھاجىيوف، ئالتاي ۋىلايەتلىك ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسلىكىنى قالى ئاباكوف (كېيىن پاتىقان سۇگۇربايېف)، مىللىي ئارمىيە ياشلار كومىتېتى رەئىسلىكىنى توختى ئىبراھىم (كېيىن ساۋدانوف) لار ئۈستىگە ئالغانىدى. ئاساسىي قاتلام خىزمەتلىرىنى ئىشلەش ئۈچۈن ھەرقايسى ئىدارە ـ جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە يېزىلاردا باشلانغۇچ تەشكىلاتلىرى تەسىس قىلىنغانىدى.

ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى — ياشلارنى تەشكىللەش، تەربىيىلەش ئارقىلىق ئىنقىلاب مېۋىلىرىنى قوغداش ۋە ئاممىۋى تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئىشلەش ئىدى. مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىكىدە «كۈرەش» ناملىق ژۇرنالمۇ نەشر قىلىناتتى. تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىمۇ ياشلار گېزىتى ۋە ژۇرناللىرى نەشر قىلىنغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى گومىنداڭ بىلەن بىتىم تۈزۈشنىڭ ئالدىدا بولۇپ، شۇ چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇ تەشكىلاتنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىدىكى سەۋەب: سوۋېت تەرەپ تىنچلىق بىتىمىنى چوقۇم ئىمزالىنىدۇ دەپ قاراپ، ئۈچ ۋىلايەت ياشلىرىنى تەشكىلاتقا ئۇيۇشتۇرۇپ، تەربىيىلەپ، تىنچلىق بىتىمىنى قوغداشنى كۆزدە تۇتقان، دېيىشكە بولىدۇ.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئەينى يىللاردا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىلغار زىيالىيلىرى باشچىلىقىدىكى تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئارىسىدا شېڭ شىسەينىڭ دەۋرىدە تەربىيىلەنگەن، سوتسىيالىزمغا مايىل ياشلار كۆپ ئىدى. شۇڭا تەشكىلاتنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسى ئۆز نىزامنامىسىدا ئەينى چاغدا ئوچۇق دېيىشكە بولمايدىغان بەزى سۆزلەرنىڭ ئورنىغا يېپىق سۆزلەرنى ئىشلەتكەنىدى. مىسالغا ئالايلى: نىزامنامىدا مۇنداق سۆزلەر بار ئىدى: «ئىنقىلابچىل

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياشلار تەشكىلاتى شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىدا ياشىغۇچى ئومۇمىي ياشلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىزچىل خەلقچىل يولدا تەربىيىلەپ، ش ت خەلقىنىڭ پارلاق ئىستىقبالى ئۈچۈن ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش ئاساسىدا كۈرەش ئېلىپ بېرىشنى نىشان قىلىدۇ» (نىزامنامىنىڭ 2 - ماددىسىدا)، «ئالدىنقى خەلقچىل سەپتە مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىدۇ» (نىزامنامىنىڭ 3 - ماددىسىدا) دېيىلگەن، شۇنداقلا: «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، ئازادلىق سۆيگۈچى خەلقىمىزنىڭ خەلقچىل ھەرىكىتىنى ئاساس قىلىپ، ئەزالىرىنىڭ بىرلىك كۈچى ۋە قەتئىي ئىرادىسىگە، دۇنياۋى خەلقچىللىق تەرەپدارلىرىنىڭ ھەمكارلىقىغا تايىنىدۇ» (نىزامنامىنىڭ 4 - ماددىسى) دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ۋەزىپىسىنى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتقان ھالدا «مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىش» دەپ يېزىلغان، «خەلقچىللىق ئۈچۈن»، «ئىلمىي ئاساستا كۈرەش قىلىش»، «دۇنياۋى خەلقچىللىق تەرەپدارلىرى» دېگەندەك سۆزلەردە «سوتسىيالىزم»، «ماركسىزم - لېنىنىزم»، «كوممۇنىزم ھەرىكىتى» دېگەن مەزمۇن بولغان.

ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئاساسىي قاتلامدا ھەپتىلىك ئۆگىنىش قىلاتتى، ئۆگىنىش تېمىلىرى، ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى كۆرسىتىلىپ بېرىلەتتى. ئارىلاپ چوڭ يىغىن ئېچىلىپ ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرىغا ۋەزىيەتتىن لېكسىيە سۆزلىنەتتى. ئۆگىنىش ماتېرىيالى ياشلار تەشكىلاتى نەشر قىلغان «كۈرەش» ژۇرنىلى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە چىقىدىغان گېزىتلەردىن ئېلىناتتى.

«كۈرەش» ژۇرنىلى ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى بولۇپ، سىياسىي ھەم ئەدەبىي خاراكتېرلىك ژۇرنال ئىدى. بۇ ژۇرنال ئەسلىدە ئايلىق ژۇرنال بولۇپ، ئىقتىساد يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن قوش سان كۆپرەك بولغان. 1946 - يىلدىن 1948 - يىلغىچە بولغان ئۈچ يىل ئارىلىقىدا جەمئىي 49 سان نەشر قىلىنغان. گېزىت - ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىك قوشۇنىنىڭ نەشرىياتچىلىقتىكى تەجرىبىسى يوق دېيەرلىك، مەتبە ئەسلىھەلىرى بولسا گومىنداڭدىن ئېشىپ قالغان، بەكمۇ كونىراپ كەتكەن ئەسلىھەلەر، مىخ ھەرپلىرى كونا، ھەرپ قۇيۇش ماتېرىياللىرىنى تېپىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن بېسىلىش سۈپىتىمۇ ناچار ئىدى. ژۇرنالنىڭ ھەر بىر سانى 40 بەت ئەتراپىدا نەشر قىلىنىپ، ئەينى ۋاقىتتا ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە مۇۋاپىق دەپ ھېسابلانغان ماقالە، خەۋەرلەر، ئەينى ۋاقىتتىكى مۇھىم تەشۋىقاتلار ئاساس قىلىنىپ بېسىلاتتى، بىر قىسىم شېئىرلار، ھېكايىلار (سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېزىلغان ھېكايىلارمۇ بار)، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىرىلغان بىر قىسىم ئۆزبېكچە، رۇسچە ماتېرىياللاردىن ئېلىنغان تەرجىمىلەرمۇ بېسىلاتتى. مەسىلەن: رۇسچە «يېڭى دەۋر» ژۇرنىلىدىن ئېلىنغان «خىتايدا سىياسىي ئەھۋال» (ژۇرنالنىڭ 4 - سانىغا بېسىلغان)، «خىتاي خەلقىنىڭ ھەربىي ئۇتۇقلىرى» (1948 - يىل 1 - سانىغا بېسىلغان)، «ئاتوم ئېنېرگىيىسىنى تىنچلىق ئۈچۈن ئىشلىتىشكە نېمە توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ» قاتارلىق ماقالىلەر ژۇرنىلىمىزنىڭ 1948 - يىل 1 - سان، 1947 - يىل 1 - سانلىرىدا تەرجىمە قىلىپ بېسىلغان. «قىزىل ئۆزبېكىستان» گېزىتى ماقالىلىرىدىن «تارىخنى ساختىلاشتۇرغۇچىلار»، «ئىنفورماتسىيە بيۇروسىنىڭ يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا چىقارغان قارارى» قاتارلىق ماقالىلەر ژۇرنىلىمىزنىڭ 1948 - يىل 7 - 8 - سانلىرىدا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان. تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ ئۈرۈمچى - غۇلجا يولى ئېچىلىپ، بېرىش - كېلىش باشلانغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىن بەزى خەنزۇچە ماتېرىياللارنىمۇ تېپىپ، تەرجىمە قىلىپ «كۈرەش» ژۇرنىلىغا باسقان. مەسىلەن: «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيە خىتاپنامىسى» (1947 - يىل 10 — 11 - ساندا)، «بۇرۇلۇش نۇقتىسى يېقىنلاشتى» (1947 - يىل 6 — 7 - ساندا، ئاپتورى: جاڭ مىن)، «ۋاقىت ئەھۋالنى ياخشى تونۇپ چىقىش بىلەن ئالغا» (1947 - يىلى 8 — 9 - ساندا، ئاپتورى: تەيرۇڭ)، «ياشلار ۋە ياشلار ھەرىكىتى» (1948 - يىل 1 - ساندا، ئاپتورى: ليۇ گۇاڭ) قاتارلىقلار.

ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئۇچ ۋىلايەت دائىرىسىدىلا بولۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتە ھېچقانداق تەشكىلىي ئاپپاراتى يوق ئىدى، شۇڭلاشقا مەن گېنېرال سۇڭ شىلىيەن (ئەينى چاغدىكى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي گارنىزونىنىڭ قوماندانى) نىڭ تۇرپان قوزغىلىڭى ھەققىدىكى ئەسلىمىسى (ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ئۇيغۇرچە سانى) دىكى «تۇرپان قوزغىلىڭىنى ئۇچ ۋىلايەت قوزغىغان»، «ئۇچ ۋىلايەت ياشلار تەشكىلاتى كادىر ئەۋەتكەن» دېگەن سۆزلەر توغرا ئەمەس دېگەنىدىم. شۇ چاغلاردا ئۇچ ۋىلايەتتىن باشقا جايلاردىمۇ يەرلىكتىكى ياشلار ئۆزلىرى تەشكىللەنگەن، شۇنداقلا ئۇرۇمچىدىمۇ «خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى» قۇرۇلۇپ، بىرقانچە ئورۇندا ئۇنىڭ شۆبە تەشكىلاتلىرى بولغانلىقى مەلۇم، بەزى جايلاردا «خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى» دەپ ئاتالغان بولسا، بەزى جايلاردا «ياشلار تەشكىلاتى» دەپلا ئاتالغان. بۇ ياشلار تەشكىلاتلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلاردا مەخپىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغانلىقتىن، گومىنداڭ ئۇلارنى «ئۇچ ۋىلايەتپەرەسلەر» دېگەن نام بىلەن تۇتقۇن قىلغان ۋە قانلىق باستۇرغان. بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتى نامىدىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىگە بىر پارچە خەت يېزىپ، ياشلار تەشكىلاتىنى يەتتە ۋىلايەتتىمۇ قۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندۇق، لېكىن بۇ تەلىپىمىز رەت قىلىنىشقا ئۇچرىدى. بىز شۇ چاغدا بۇ تەلەپنىڭ گومىنداڭ تەرەپتىن رەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان مۆلچەرلىگەندۇق، شۇنداقتىمۇ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىدە «ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكى» ھەققىدىكى مەزمۇنمۇ بولغانلىقتىن، ئىلتىماس قىلىشنى قارار قىلغاندۇق. تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئىلى ۋىلايىتىنى «شەرقىي تۈركىستان ئىلى ۋىلايىتى» دەپ ئاتاش بېكىتىلگەنىدى، ئۇ چاغدا «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامنى جۇغراپىيىۋى نام دەپ ھېسابلىغان، شۇڭا بىز ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە يازغان ئىلتىماسىمىزدىمۇ «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نامىدىكى تامغىنى ئىشلەتكەندۇق. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ ئىش ئېسىمگە كەلسە، شۇ چاغدا يېڭى ۋەزىيەتتىكى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ نېمىلىكى، مەقسىتىنىڭ نېمىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويمايلا، يەنى، تەشكىلاتىمىزنىڭ نىزامنامىسى ھەققىدە سۆز قىلمايلا ياشلار تەشكىلاتىنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلغانلىقىمىزنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. يەرلىك مىللەت ياشلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا تەشكىلات بولۇپ ئۇيۇشۇپ، خىزمەت ئىشلىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش بولغاچقا تەجرىبىسىز ئىدى. شىنجاڭدا 1935 - يىللاردىن 1943 - يىللارغىچە جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما (فەندىخۇي) بولغان، بىر قىسىم ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرى بۇرۇن فەندىخۇيغا ئەزا بولغاندا كۆرگەنلىرى ئاساسىدىلا ياشلار خىزمىتىنى ئېلىپ بارغان دېيىشكە بولىدۇ.

1946 - يىلى بىتىم تۈزۈلگەن كۈنلەردە ياشلار خىزمىتىنى قانداق قىلغاندا ياخشىراق ئىشلىگىلى بولار، دېگەن ئويدا سوۋېت كومسومولىرى تەشكىلاتىنىڭ خىزمەت قوللانمىلىرىنى كۆرۈپ بېقىش نىيىتىدە غۇلجىدىكى سوۋېت دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ھاكىم جاپپاروۋېچ (ئۇيغۇر) بىلەن كۆرۈشۈپ، سوۋېت كومسومولار تەشكىلاتىنىڭ خىزمەت قوللانمىلىرىدىن تېپىپ بېرىشنى سورىغانىدىم، ئۇ كىشى ئالدى بىلەن: «ئۆز شارائىتىڭلارغا قاراپ ئىش قىلساڭلار بولىدۇ» دېگەن مەسلىھەتنى بېرىپلا، كەينىدىن مۇنداق بىر ئىشنى ئېيتىپ بەردى: «ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن موسكۋادا بىرىنچى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى كومسومولار قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندا، ياش ئىشچى سىكوۋورتسوفنى (1946 - يىللاردىكى قازاقىستان كومپارتىيىسىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى) سوۋېت ئىتتىپاقى كومسومولار مەركىزىي كومىتېتىغا بىرىنچى سېكرېتار قىلىپ سايلىغان، ئۇنى چوڭ يىغىندا سەھنىگە سۆزگە تەكلىپ قىلغىنىكەن، ئۇ سەھنىگە چىقىپ سۆزلەيدىغان سۆز تاپالماي، بىردىنلا ‹ياشىسۇن پرولېتارىيات!›، دەپ بىر شوئار توۋلاپلا سەھنىدىن چۈشۈپ كەتكەنىكەن» دەپ كېلىپ:

www.uyghurkitap.com

«سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار ئۆتنىڭدىن ياخشىغۇ» دېدى. ئېھتىمال ھاكىم جاپپاروۋىچ بۇ سۆزنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن دېگەن بولسا كېرەك، لېكىن مەن ھازىر شۇ مەزگىللەردە سەۋيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى، تەجرىبىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە تولىمۇ ساددىلىقىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلىمەن.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى كېيىن، يەنى بىتىم ئىمزالانغاندا خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەت ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلغان، 1948 - يىل 8 - ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەسىس قىلىنغاندا ئىتتىپاقنىڭ ياشلار بۆلۈمى قىلىپ قوشۇۋېتىلدى.

ئۈچ ۋىلايەتتە قۇرۇلغان «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» شۇ دەۋر، شۇ شارائىتتا ياشلارنى ئۇيۇشتۇرۇش، تەربىيىلەش، ئالدىنقى سەپكە سەپەرۋەر قىلىش، ئىنقىلاب مېۋىلىرىنى قوغداش قاتارلىق ئىشلاردا ئۆز تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۆرەش قىلغان.

## 6. ئىلىدا سوۋېت گراژدانلىقىغا يېزىلىش

شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن 3000 كىلومېتىر چېگرىداش بولغانلىقى ۋە چېگرا رايونلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئوخشاش مىللەتلەر ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزۇن تارىختىن بۇيان ئىككى ئارىدىكى خەلقنىڭ بېرىش - كېلىشى قويۇق بولغان، ھەتتا XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى شىنجاڭدىكى خوجىلار توپىلىڭى مەزگىلىدە نەچچە يۈز مىڭلىغان جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى ھازىرقى ئۆزبېكىستانغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقى مەلۇم. 1871 - يىلى كېلىشىم بويىچە چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئىلىدىن چېكىنگەندە 40 نەچچە مىڭ ئۇيغۇر ئىلىدىن يەتتە سۇغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان (خەلق شۇ مەزگىلنى «كۆچ - كۆچ يىللىرى» دەپ ئاتايدۇ). ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىن نۇرغۇن ئەمگەكچى خەلق ياز كۈنلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ، مەدىكارچىلىق قىلىپ ئاز - تولا پۇل تېپىپ، قىشتا يۇرتىغا قايتىپ تۇرغان، بەزىلىرى ئۇدا بىرنەچچە يىل ئىشلىگەن، ئايرىملىرى دائىملىق ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىر تۈركۈم ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك قاتارلىقلار 1930 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىدە شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن. 1920 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا مەغلۇپ بولغان چار پادىشاھنىڭ ئەسكەرلىرى ئىلى، بورتالا، چۆچەك چېگرىسى ئارقىلىق ئاننېكوف، دوتوف، پاكىچ قاتارلىق ئاتامانلار باشلىغان بىر قىسىم قۇراللىق ئەسكەر ۋە بىر قىسىم رۇس پۇقرالىرى بولۇپ 20 مىڭغا يېقىن كىشى شىنجاڭغا قېچىپ كىرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلىپى بويىچە ياڭ زېڭشىن ئۇ قۇراللىق ھەم قۇرالسىز قاچاقلاردىن بىر قىسمىنى يۇرتىغا قايتۇرغان بولسىمۇ، رۇسلارنىڭ بىر قىسمى يەنىلا شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. 1930 - يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا جىن شۇرېن ئەنە شۇ رۇسلاردىن ياللىۋېلىپ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشتا پايدىلانغان، شۇنداقلا ئەنە شۇ رۇس ئەسكەرلىرى ھۇجۇم قىلىپ جىن شۇرېننى جىياڭجۈن يامۇلىدىن قوغلاپ چىقارغان.

1940 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، غۇلجا، چۆچەك، ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئاز ساندا سوۋېت پۇقراسى بولغان. 1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتى ئاخىرلىشىپ، بىتىم ئىمزالىنىش ئالدىدا تۇرغان مەزگىلدە سوۋېت كونسۇلخانىسى سوۋېت پۇقراسى قوبۇل قىلىدىغانلىقى ھەققىدە كوچىغا ئېلان چاپلىغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن چەت ئەللەرگە قېچىپ كەتكەن پۇقرالىرىنى قايتا سوۋېت پۇقرالىقىغا قوبۇل قىلىدىغانلىقى، چەت ئەلدىكى مۇھاجىرلارنىڭ ۋەتەنگە قايتسا بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە ئېلان چىقارغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتىنىڭ مۇشۇ ئۇقتۇرۇشى 1946 - يىلى ئىلى كونسۇلخانىسى دەرۋازىسى ئالدىغا چاپلانغان ۋە باشقا شەكىللەر

ئارقىلىق تەشۋىق قىلىنغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەتكەن رۇس، تاتار، ئۆزبېك، قازاق، ئۇيغۇرلار ئەينى چاغدا ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە باشقا جايلارغا قارىغاندا كۆپرەك ئىدى. ئاشۇ ئۇقتۇرۇش چىققاندىن كېيىن ئاما ئىچىدە سوۋېت گىراژدانلىقىغا يېزىلىش ئېلىپ بېرىلدى ۋە پاسپورت تارقىتىلدى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، شۇ چاغدىكى غۇلجا ناھىيە ھاكىمى تېيىپ ئاخۇن (تېيىپ شەنگەن) سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ پاسپورت تارقىتىش ئىشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆزى مەسئۇل بولۇپ، خۇرجۇن - خۇرجۇندا پاسپورت ئېلىپ چىقىپ، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا پاسپورت تارقاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەرمۇ تارقالغانىدى.

سوۋېت گىراژدانلىقىغا تىزىملاپ پاسپورت تارقىتىش ئىشى مىللىي ئارمىيە ئىچىدىمۇ ئېلىپ بېرىلغان، سوۋېت كونسۇلخانا خادىملىرى ئالدىنقى سەپ ھېسابلانغان يەنسخەي ئورمانلىقىدا چېدىر تىكىپ، جەڭچىلەرنى گىراژدانلىققا تىزىملاپ پاسپورت تارقىتىش ئىشىنى ئېلىپ بارغان. گىراژدانلىققا يېزىلىپ، پاسپورت ئالغانلار ئادەتتىكى خەلق ئاممىسى ۋە جەڭچىلەر بولۇپلا قالماي، ئۈچ ۋىلايەتتىكى مەسئۇل كادىرلار، ئوفىتسېر - كوماندىرلار ئىچىدىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. گىراژدانلىققا قانداق ئادەملەر يېزىلىۋاتىدۇ؟ يەرلىكلەر سوۋېت گىراژدانلىقىغا يېزىلسا قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟ بۇ ئىشقا ساقچى تەرەپنىڭ ئالاقىسى بارمۇ؟ بۇلار ھەققىدە ھېچ نەرسە مەلۇم ئەمەس ئىدى. قىسقىسى يەرلىك ئورگانلار بۇنداق مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەيتتى (بىلىدىغانلار بار دېگەندىمۇ پىكىر قىلىش مۇمكىن ئەمەس). گىراژدانلىققا يېزىلىپ، پاسپورت ئېلىۋالغان ياشلار پەخىرلىنەتتى.

1962 - يىلى ئىلى - چۆچەك ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەنلەر، شۇ چاغدا ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئېلان قىلىنغان ستاتىستىكىدا جەمئىي 120 مىڭ نەپەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 60 مىڭى سوۋېت گىراژدانلىقىغا يېزىلىۋالغان يەرلىك كىشىلەر ئىكەن. ئازادلىقتىن كېيىن 1955 - يىلدىن باشلاپ، بوز يەر ئېچىپ ئولتۇراقلىششقا چاقىرىق قىلىنىش بىلەن سوۋېتكە كەتكەنلەرنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس. بىر ئائىلىدە بىر كىشىدە پاسپورت بولسا، ئۇنىڭغا بەش - ئون ئادەم چېتىلىپ مېڭىش ئەھۋاللىرى ئومۇمىيۈزلۈك دېگىدەك يۈز بەردى.

كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈنچىلىك دەرىجىدە سوۋېت گىراژدانلىقىغا يېزىلىپ، سوۋېت پۇقراسى بولۇشنى خالىشىنىڭ سەۋەبى، شۇ چاغدىكى سوۋېت سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى، سوۋېت خەلقىنىڭ گېرمان فاشىزمى ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تەرەققىياتى ھەققىدىكى تەشۋىقاتلارنىڭ تەسىرى، ياشلاردىكى سوتسىيالىزمغا بولغان مايىللىق، ئۆز ۋەتىنىگە قايتىش ئىستىكى قاتارلىقلار بولسا، يەنە بىرى، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى «تىنچلىق بىتىمى» دىن ئەندىشە قىلىش بولسا كېرەك.

سوۋېت گىراژدانلىقىغا يېزىلغان كۆپلىگەن ئۈچ ۋىلايەت كادىرلىرى، ھەتتا بىر قىسىم ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي، ھەربىي مەسئۇل كادىرلار ئومۇمىي ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن 50 - يىللاردىن كېيىنمۇ شىنجاڭدا دۆلەت كادىرى بولۇپ خىزمەت قىلدى، ھەتتا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزا بولدى. 1955 - يىلىدىن كېيىن دۆلەت تەۋەلىكى ئايرىلىشقا باشلىغاندا، بىر قىسىم كادىرلار سوۋېت گىراژدانلىق پاسپورتىنى قايتۇردى، بەزىلىرى گىراژدانلىقنى ساقلاپ قېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتتى. 1962 - يىلى ئىلى - چۆچەك ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى سوۋېت گىراژدانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن، كەتمەي قالغان بىر قىسىملىرى سوۋېت گىراژدانلىق پاسپورتىنى قايتۇرۇپ، جۇڭگو گىراژدانلىقىغا ئۆتكەن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

www.uyghurkitap.com

# ئار جىلغىسىدىكى قانلىق جەڭ

مەمتىلى ياسىن

1935 - يىلى 24 ياش ۋاقتىم ئىدى. كۈز پەسلىدە مەھمۇت سىجاڭنىڭ 6 - شى 32 - تۈەن 2 - لىيەن (لىيەنجاڭ تۇرپانلىق ھەمدۇل ئىدى) 3 - پەي (پەيجاڭ ئاقسۇ ناھىيە ئايكۆل يېزىسىدىن باسىت قارى بولۇپ، 1933 - يىلى تۆمۈر سىجاڭغا قوشۇلۇپ كەلگەنلەردىن ئىدى)، 2 - بەندە (بەنجاڭ قۇمۇللۇق ھېمىت ئىدى) ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن ئەسكەر بولدۇم. ئۇ چاغدا مۇئاۋىن تۈەنجاڭ مۆيدىن قاماقتا ئىكەن، بوساق تۈەنجاڭ ئىدى. 1937 - يىل 4 - ئايدا مەھمۇت سىجاڭ ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، يەكەندىكى 34 - تۈەن، يېڭىساردىكى 33 - تۈەن ۋە قەشقەر شەھىرى دۆڭباغدىكى 32 - تۈەننىڭ كۆپ قىسمى خوتەندىكى ماخۇسەن قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ، شېڭ شىسەيگە قارشى تىغ كۆتۈردى. بىز قوزغىلىپ چىققاندىن كېيىن، 6 - شىنىڭ بىر قىسىم ئەسكىرى بىزگە قوشۇلدى، قالغانلىرى قۇربان سەئىدى (6 - شىدا شتاب باشلىقى) ۋە رۇس مەسلىھەتچىلەرنىڭ دەۋىتى بىلەن يېڭىشەھەرگە چېقىپ كېتىپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرەپتە تۇردى. شۇنداق قىلىپ، قوشۇن توقسۇنلۇق ئابدۇنىياز كامالنى دىۋىزىيە باشلىقى، تۇرمىدىكى مۆيدىننى (كورلا شەھەر ئىچىدىن) شتاب باشلىقى قىلىپ تىكلەپ، ماخۇسەننىڭ قول ئاستىدىكى مافۇيۈەن قىسىملىرى بىلەن ماسلىشىپ يەكەن، يېڭىسار، قەشقەر، مارالبېشى ۋە ئاقسۇ، شايار، كۇچارلارغىچە ئۇرۇش قىلىپ بېرىپ، شېڭ شىسەينى خېلىلا تەمتىرەتتۇق. ئادەم سانىمىزمۇ 8000 دىن ئېشىپ يەتتە تۈەن بولۇپ كېڭەيدى.

ئاقسۇ دەريا خان كۆۋرۈكى بويىدا ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق تىركىشىپ قالدۇق، ئەسكەرلىرىمىز قورال - ياراغ، ئوق - دورىلار كەمچىل، تەمىنات يېتىشمىگەن ئەھۋالدا بەرداشلىق بېرىپ ئۇرۇش قىلدى. مارالبېشى، كەلپىن، ئاۋات، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇنىڭ جەنۇبى — دەريانىڭ بۇ قېتى بىزنىڭ ئىشغالىيىتىمىزدە ئىدى.

قىسىملىرىمىز ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئايكۆل يېزىسى دائىرىسىدە تۇرۇۋاتقاندا، شېڭ شىسەي تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سورىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ماشىنىلاشقان بىر قىسىم قىزىل ئارمىيىنى ئۇلۇغچات ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگۈزدى. شېڭ شىسەينىڭ چېگرا ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرى ئۇلارغا ماسلاشتى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن بىر بۆلىكى يەكەن، خوتەن تەرەپكە، بىر بۆلىكى مارالبېشى، ئاقسۇ تەرەپكە ھۇجۇمغا ئۆتتى، بىز بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا چېكىندۇق. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى قورۇقلۇقتىن، ئايروپىلانلىرى ھاۋادىن ھۇجۇم قىلاتتى. بىز ئۇچتۇرپاندىن ئايكۆلگە چېكىندۇق. قىزىل ئارمىيە ئايروپىلانلىرى بۇ يەرگىمۇ يېتىپ كېلىپ بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى. ساي ئېرىقتىكى ئىمىن ئاكىنىڭ قورۇسىغا بومبا چۈشۈپ قورۇنى كۇكۇم تالقان قىلىۋەتتى. ئايروپىلانلار يەر بېغىرلاپ ئۇچقانلىقتىن، قىسىملىرىمىز ساي ئېرىقتا ئاددىي مىلتىق بىلەن بىر ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرۈپ رۇس ئۇچقۇچىنى ئەسىر ئالدى، بۇ ئۇچقۇچى ئېگىز بوي، چېقىر كۆز بولۇپ، ئىنتايىن ھاكاۋۇر ئىدى.

بىز پۇقرالارنىڭ ئەمىنلىكىنى ئويلاپ، ئايكۆلدىكى ئاھالىلەر رايونىدىن چېكىنىپ يانئېرىق،

قۇمباش، بەشئېرىق ئارقىلىق ئاۋاتقا، ئاندىن ئاۋات غورۇچۆلگە چېكىندۇق، چۆل - جەزىرىلەردە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. بومباردىمان قىلىۋاتقان ئايروپىلانلار ئايكۆل كونا بازار ئىچىدە پەس ئۇچۇپ يۈرگەندە ئۇلاردىن بىرىنىڭ قانىتى كونا بازار بەگ مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىكى كۆۋرۈك بېشىدا يوغان تېرەككە سوقۇلۇپ كېتىپ پاچاقلاندى. 2 كۈنگىچە كۆرگىلى كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. كېيىن بۇ ئايروپىلان سۇنۇقلىرىنى ھۆكۈمەت تەرەپ هارۋا، تۆگىلەرگە ئارتىپ ئاقسۇغا ئېلىپ كەتتى.

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ۋە شېڭ شىسەي قىسىملىرى ھۇجۇمنى كۈچەيتىپ بىزگە زادىلا ئارام بەرمىدى، قىسىملىرىمىزنىڭ بىر بۆلىكى يانئېرىق ئارقىلىق، بىر بۆلىكى قۇمباش ئارقىلىق ئاۋاتقا چېكىندى.

قىسىملىرىمىز غورۇچۆلدىكى چاغدا ئۈزۈندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بەزىبىر ئىختىلاپلار تۈپەيلىدىن، مافۇيۈەن قىسمى بىلەن ئارىمىز بۇزۇلدى، سۈركىلىش كۆپەيدى، شۇ ئارىدا سايئېرىقتا بىزگە ئەسىرگە چۈشكەن رۇس ئۇچقۇچىسى سوۋېت ئايروپىلانلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن قېچىپ كەتتى. بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا يىغىلىش بۇيرۇقى بېرىلدى؛ بىز ھەممىمىز سىدىق كۆۋرۈكى بويىغا يىغىلدۇق، ما فۇيۈەن قىسىملىرىمۇ يىغىلدى، ئابدۇنىياز سىجاڭ باشلىق تۇەنجاڭلارمۇ بار ئىدى. شاپ بۇرۇت، ئاق سېرىق، چېقىر كۆز، ئېگىز گەۋدىلىك مۇيدىن تۇەنجاڭ يالاڭباش، ئاق خەسىدىن كۆڭلەك - تامبال كىيگەن، قولى باغلانغان ھالدا بىر بەن قوراللىق ئەسكەر تەرىپىدىن يالاپ ئېلىپ كېلىندى. باشلىقلار ئۆز ئارا بىرنېمە دېيىشىپ ئاندىن بىزگە:

— ئۇ ئىنقىلابقا خائىنلىق قىلدى، كىم چاپىدۇ! -دەپ جاكارلىدى. بۇنى ئاڭلاپ ھەممىمىزنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ئەسكەرلەرگە غەمخور كىشى ئىدى. شۇڭا ئۇنى قەتلى قىلىشقا ئادەم چىقمىدى. ئاڭغىچە مۇيدىن تۇەنجاڭ ئىككى رەكەت تۆۋۋە-ئىستىغبار نامىزى ئوقۇۋالدى. جاكار قايتا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، 3 - ليەندىن ئەيسا ئىسىملىك بىرى چىقىپ:

— ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت دەپتىكەن، مانا مەن چاپىمەن- ، دېگىنىچە قىلىچىنى يالىڭاچلاپ كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان مۇيدىن تۇەنجاڭنىڭ گەجگىسىگە چاپتى، ئەتراپ سۈرلۈك تۈس ئالدى، باش ئۈزۈلمىگەچكە، ئەيسا ئۇنىڭ مەيدىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ 2 - قېتىم قىلىچ ئۇرۇپ بېشىنى ئۈزۈۋەتتى، ناھايىتى كۆپ قان چىقتى. باش بىلەن تەن بىرلىكتە توغراق مازاردىكى بىر توپ توغراقنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ تاشلانغاندىن كېيىن، قىسىملار ئۆز رېتى بويىچە ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلارغا قايتىشتى.

مۇيدىن تۇەنجاڭنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ئىلگىرى - كېيىن ھەرخىل گەپلەر چىقتى. بەزىلەر مۇيدىن تۇەنجاڭ كېيىن ئاينىپ شېڭ شىسەي تەرەپكە بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدىن مەلۇمات بەرگەنىكەن، مەلۇمات يېزىم يولدا قولغا چۈشۈپ قاپتۇ دېسە، بەزىلەر رۇس ئۇچقۇچىنى مۇيدىن تۇەنجاڭ قاچۇرۇۋەتكەنمىش دېيىشتى. يەنە بەزىلەر مۇيدىن تۇەنجاڭ تۇڭگان قىسىملىرى بىلەن كېلىشەلمىگەچكە، تۇڭگانلارنىڭ بېسىمى بىلەن چېپىلغان دېيىشتى. بىز ئۇ چاغلاردا ئاددىي ئەسكەر ئىدۇق. شۇڭا ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋىرىمىز يوق ئىدى.

سوۋېت - شېڭ شىسەي قىسىملىرى ئايروپىلانلارنىڭ مۇھاپىزىتىدە بىزگە غورۇچۆلدە قاتتىق ھۇجۇم باشلىدى. تايانچ بازىمىز يوق، ئوق - دورىمىز كەمچىل، قورال - ياراغلىرىمىز ناچار بولسىمۇ، تەسلىم بولماي جان تىكىپ ئېلىشتۇق، ئەمما ئاخىرىدا يەنىلا بەرداشلىق بېرەلمەي غورۇچۆلدە تارمار بولۇپ، قاراكۆل، مارالبېشى، خوتەن دەرياسى، شايار تەرەپلەرگە بۆلۈنۈپ چېكىندۇق. شۇ ئارىدا مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتكەنىدى. دۈشمەنلەر تېخى غورۇچۆلگە باستۇرۇپ كېلىش ئالدىدا ھەمدۇل لىيەنجاڭ شىتابىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن مېنى توختى ئىسىملىك يەكەنلىك ئەسكەر بىلەن بىرگە قوغلاپ كېلىۋاتقان قوشۇننىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. 3 كىلومېتىر ماڭغاندا قۇم دالىدىن بىزگە قارىتىپ ئوق ئېتىلدى. توختىنىڭ ئېتى ۋە

www.uyghurkitap.com

ئۆزىگە ئوق تېگىپ شۇ يەردىلا ئۆلدى. دەرھال يېتىپ ئېتىشتىم. بىر چاغدا بىرسى ئارقامدىن «قولۇڭنى كۆتۈر!» دېۋىدى، كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قارىسام مېنى ئەسىر ئالغىنى شىڭ شىسەي قىسىملىرىنىڭ ھەربىي فورمىسىنى كىيگەن، ئېگىز بويلۇق، 25 ياشلار چامىسىدىكى بوغداي ئۆڭلۈك بىر ئۇيغۇر يىگىت ئىكەن. ئۇ ئاۋۋال مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىدى، مەن يوشۇرماي ھەممىنى دەپ بەردىم. ئۇ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى، ئۇنىڭ ئىسمى ئۆمەرجان كېرەم بولۇپ، مارالبېشىلىق ئىكەن، 1933 - يىلى تۆمۈر سىجاڭغا ئەسكەر بولۇپ، كېيىن مەھمۇت سىجاڭنىڭ 6 - شى 31 - تۈەنىدە تۇرغانىكەن. بۇ قېتىم ئاشۇ تۈەننىڭ بىر يېڭى خوتەنگە، بىر يېڭى يەكەنگە، بىر يېڭى ئاقسۇغا ئەۋەتىلگەندە، ئۆمەرجان كېرەم مۇشۇ يىلى تەركىبىدە رۇس - قىرغىز تۈەنلىرىگە ماسلىشىپ بىزگە قارشى جەڭ قىلىپ بۇ يەرگە كەلگەنىكەن.

— ئەڭ ياخشىسى ئەسكەر بولمايدىغان گەپ ئىكەن، ئەسلى قېرىنداش قىسىم ئىدۇق، مانا ئەمدى بىر بىرىمىزنى قىرىپ يۈرىمىز، نىمە ئامال، سىلەردىن بىرسى ئۆلۈپتۇ، بىزمۇ ئىككەيلەن رازۋېدكىغا چىققانىدۇق، قالتىس مەرگەنىكەنسەن، رۇس پەيجاڭىمنى ئۆلتۈردۈڭ، كەل شېرىكىڭنى كۆمۈپ قويايلى، سېنى قويۇۋېتەي، دەرھال قوشۇنىڭغا يېتىپ تېزدىن چېكىنىڭلار، ھالىڭلار خەتەرلىك، – دېدى. توختىنىڭ جەسىدىنى قۇمنى كولاپ كىيىمى بىلەنلا كۆمۈپ قويدۇق، بەلگىمۇ قىلالمىدۇق. رۇس پەيجاڭنىڭ ئۆلۈكىنى ئاتقا ئارتىشىپ بەردىم. شىتابقا كېلىپ بولغان ئەھۋالنى شىتابقا دوكلات قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ تۈەننىڭ بىر يېڭى ۋە مافۇيۈەن قىسىملىرىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بىر يىڭ ئەسكەر (ھەممىسى ئاتلىق) ئاۋۋال خوتەن تەرەپكە ئۆتۈپ، ئاندىن دۇنخۇاڭغا كېتىۋېلىشنى نىيەت قىلدۇق. ئەينى چاغدا 800 چە ئادىمىمىز بار ئىدى. ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن دەريالىرى قوشۇلىدىغان دېلتىنىڭ ئۈستىدە، خوتەن دەرياسىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي تەرىپىدە خوتەنگە چىقىپ كېتىدىغان تار دېگەن بىر جىلغا بار بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان ئاۋاتلىق بىرقانچە يىگىتنىڭ يول باشلىشى بىلەن شۇ جىلغا تەرەپكە يول ئالدۇق. بۇ جىلغا ئىككى قاسنىقى ئېگىز، ئىچى تار، ئەتراپى چىڭدىلىپ كەتكەن قۇملاردىن تەركىب تاپقان تارچۇق جىلغا ئىكەن. بىزنىڭ كېلىشىمىزنى بىلىپ قالغان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىر پەي ئېغىر پىلىموتچى ئەسكىرىنى جىلغىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئەپچىل جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، پىلىموتلىرىنى بەتلەپ بىزنى كۈتۈپ ياتقانىكەن. مافۇيۈەن قىسمى يول تالىشىپ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى، بىز ئارقىدىن ماڭدۇق. مەن قوشۇننىڭ ئارقىدىراق ئىدىم. قىسىملار جىلغا ئىچىگە كىرىپ 500 - 600 مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىزلا ماكسىم پىلىموتنىڭ تاتاتلىغان ئاۋازى ياڭراپ كەتتى. جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن يامغۇردەك ئېتىلغان پىلىموت ئوقىدا مافۇيۈەن قىسمى ئاساسەن قىرىلىپ كەتتى. ئارقىغا قاچقانلىرىمۇ بىزگە قاپلىشىپ قېلىپ پىلىموت ئوقىغا يەم بولدى، بىزنىڭ قىسمىمىزدىن 300 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى. جىلغا ئىچىنى يارىدارلارنىڭ ۋاي - داتلىرى، جان تالىشىۋاتقان ئاتلارنىڭ خارتىلداشلىرى قاپلاپ كەتتى. ئارقىدىكىلىرىمىز مارالبېشىلىق مۇئاۋىن لىيەنجاڭ ئەخمەت، پەيجاڭ باسىت قارىنىڭ قوماندانلىقىدا (قالغان ئوفىتسېرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلدى) ئېتىشىپ تۇرۇپ چېكىندۇق. قارىسام ئوڭ تەرەپتىكى پىلىموتتىن ئوق ئېتىۋاتقىنى ئەينى ۋاقىتتا 32 - تۈەننىڭ پىلىموتچىلار لىيەنىگە ھەربىي ئوقۇتقۇچى بولغان كاژالكىن دېگەن رۇس ئىكەن. ئارىلىقىمىز 60 مېتىرچە كېلەتتى، مەن ئۇنى بۇرۇنتىدىن تونۇۋالدىم، ئۇ ھىجىيىپ تۇرۇپ ئېتىۋاتاتتى. ئاڭغىچە باسىت قارى تاپانچىسىدىن ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. شۇنىڭ بىلەن پىلىموت بىر پەس توختاپ قالدى، ئاڭغىچە يەنە بىر پىلىموتمۇ جىمىپ قالدى. ئادەم يەڭگۈشلىنىپ بولغۇچە خېلى يەرگە چېكىنىپ بېرىۋالدۇق، تۇيۇقسىز ئېتىمغا ئوق تەگدى. ئات ئاستىدىن چىقىپ تۇرسام ئاۋاتلىق روزى دېگەن ئەسكەر مېنى ئېتىنىڭ كەينىگە مىنگەشتۈرۈپ چېكىندى. پىلىموتلار ئارقىمىزدىن ئېتىلىپ تۇردى.

دوكەي دېگەن يەرگە سۈرۈلۈپ شايار تەرەپكە چىقىپ كەتمەكچى بولۇشتۇق. بۇ چاغدا 200 چە ئادىمىمىز قالغانىدى. دەريانىڭ غەربىي قاپتىلي بىلەن مېڭىپ كەچ بولغاندا ھېرىپ ھالىمىز قالمىدى. تەلىيىمىزگە رۇسلار ئارقىمىزدىن قوغلاپ كەلمىدى. دەريا ياقىسىدا بىر مال قوتىنى بار ئىكەن. چۈشكۈن قىلىپ ئاتلىرىمىزنى ئوتقا قويدۇق. مالچىغا يالۋۇرۇپ، تىللا ـ تەڭگە بېرىپ 20 دەك قوينى سېتىۋېلىپ يەپ ھاردۇق چىقاردۇق. ئېغىر ياتقۇ بولغاندا پەيجاڭ باسىت قارى بىلەن مۇئاۋىن لېيەنجاڭ ئەخمەتنىڭ گەپ تالىشىۋاتقان ئاۋازى قۇلىقىمىزغا كىردى. دە، ھەممىمىز تۇرۇپ كەتتۇق. ئەخمەت لېيەنجاڭ:

— ئەخمەق بولمىسىلا باسىت قارى، ئۆزۈل كېسىل تۈگەشتۇق. بارار يېرىمىزنىڭ تايىنى يوق، يا ئوق ـ دورىمىز يوق، قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش ئىمكانىيىتىمىز يوق، ـ دېسە، باسىت قارى:

— بىز نېمە دەپ قان كەچتۇق، ئەشۇ ئەجنەبى ئورۇسلارنىڭ قولىدا خورلانغان خوتۇن ـ قىزلىرىمىز، كۆز ئالدىمىزدا بىھۇدە قىرىلىپ كەتكەن سەپداشلىرىمىزنىڭ خۇن ـ قىساسىنى ئالمىساق قىيامەتتە ئۇلارنىڭ تۇمۇر تىرنىقى ياقىمىزدا بولمامدۇ؟ تەسلىم بولساقمۇ بەرىبىر ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە جەڭدە ئېلىشىپ شېھىت بولۇپ كېتەيلى، ـ دەپ تۇرۇۋالاتتى. باسىت قارى:

— بوپتۇ ئەمىسە، ئۆزۈم باراي، ئازراق ئوق ـ دورا يىغىپ بېرىڭلار، رۇسلار تېخى ئادىمىزانسىز چۆلدىن چىقىپ بولالمىدى. تاڭ يورۇغاندا قايتىپ كەلسەم كۆرۈشەرمىز، ئەگەر قايتىپ كېلەلمىسەم شېھىت بوپتۇ دەپ بىلىپ يولۇڭلارغا مېڭىڭلار، مەن بىلەن بېرىشنى خالايدىغانلار ئات تۇتۇڭلار، ـ دېۋىدى، 3 ـ پەيدىكى ئاۋات غورۇچۇللۇك تالىپ دېگەن يىگىت:

— مانا مەن بارىمەن! ـ دەپ ئېتىنى تۇتۇپ چىقتى. باسىت قارىغا بىرسىنىڭ ئېگىز ئارغىمىقىنى تۇتۇپ بەردۇق. ئۇلارغا ئولجا ئالغان ياپون پىلىموتىدىن بىرنى، ئوقتىن 3 دېسكا جايلاپ بەردۇق ۋە يىغا ـ زارە قىلىپ خوشلاشتۇق. باسىت قارى بىلەن تالىپنى يولغا سېلىپ قويۇپ تاڭ سوزۇلۇپ كۈن ئۆرلىگەنگە قەدەر كۈتتۇق، ئۇلار كەلمىگەندىن كېيىن شايار تەرەپكە كەتمەكچى بولدۇق. چۈنكى شايار، كۇچا تەرەپلەردە پارتىزانلىق قىلىۋاتقان قىسىملىرىمىز بار ئىدى. كۈن چۈش بولغاندا دوكەي دېگەن يەردىن ئۆتۈپ تارىم دەرياسى بويىغا يېتىپ بارغىنىمىزدا باسىت قارى، تالىپلار يېتىشىپ كەلدى، ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. تالىپ ئىگەرنىڭ ئارقىسىدىكى تاغارنى يەرگە تاشلاپ تۆكۈۋىدى غەرق قانغا مىلەنگەن 10 دانە كاللا تۇروكلاپ چۈشتى. باسىت قارى شۇندىلا:

— قىساس ئالدۇق، ئات چاپتۇرۇپ تار دېگەن جىلغا تەرەپكە باردۇق. ئايدىڭدا قارىساق شېھىتلار شۇ پېتى يېتىپتۇ. چۆل ئىچىدە يول تېپىپ كېتىۋاتساق بىر يەردە ئوت ئۆچقۇنى كۆرۈندى، قورالىمىزنى ئوقلاپ پەس، قومۇشلۇق يەرلەر بىلەن مېڭىپ ئوت يورۇقىغا يېقىنلاشتۇق. بۇ ئەسلىدە بىر قوتان بولۇپ بىزنى قىرغىن قىلغان رۇسلار مۇشۇ يەردە ئىكەن. بىر ئۇيغۇر ئەسكەرنى پوستتا قويۇپتىكەن، ئۇيدۇرماي بېرىپ بوغۇزلىۋەتتۇق. ئاندىن كېيىن باستۇرۇپ كىرىپ ئۆيىدە ياتقان ئورۇسلارنى ئوقتا تۇتتۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 2 سى ئۇيغىنىپ بىزنى كۆرۈپ «ۋاي بىز مۇسۇلمان، مەن قىرغىز، ماۋۇ ئۇيغۇر» دېۋىدى ھېلىقى قىرغىنچىلىقنىڭ ئاچچىقىدا «مانا مۇسۇلمان بولساڭ» دەپ ئۇلارنىمۇ ئېتىۋەتتۇق. مانا بۇلار 2 ئۇيغۇر، بىر قىرغىز، بىر قازاق، 6 رۇس بولۇپ، جەمئىي 10 ئادەمنىڭ كاللىسى، ـ دېدى. بىز بۇ كاللىلارنى قېرى توغراق تۈۋىدىكى ئازگالغا تاشلىۋەتتۇق. ئۇلار چاقلىق ئېغىر پىلىموتتىن 2 نى، 8 مىلتىق، 2 ساندۇق ئوق ئولجا ئالغانىكەن، بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى شاتلاندۇق. ئوبدان ئارام ئېلىپ ئاندىن تارىم دەرياسىدىن ئۆتۈپ شايار تەرەپكە يول ئالدۇق. توقاي دېگەن يەرگە بارغاندا ئابدۇراخمان ھاجى دېگەن كىشى 60 نەچچە قوراللىق ئادىمى بىلەن بىزگە قوشۇلدى.

بىز شايار چېگرىسىغا يېقىنلاشقىنىمىزدا

(ئاخىرى 37 ـ بەتتە)

# تەممىم ئىبىن بەھىرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى

ۋ. مىنورىسكى



## 1. كىرىش سۆز

ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم شۇنداقلا ئەڭ جەزبىدار بولغان مەسىلىنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ شەرقىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭگو ھەم ھىندىستانغا ئوخشاش ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان رايونلارغا قىلغان ساياھەت خاتىرىلىرىدۇر. ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ جۇغراپىيەشۇناسلار دىققىتىنى جۇغراپىيەۋى ئورۇنلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ دائىم ۋاقىتقا سەل قارىغان. XVI ئەسىردىكى تۈركىيە خەرىتىسىدە، ئامېرىكىنىڭ سايىسى كېڭىيىپ ھىلال ئاي شەكلىگە يەتكەن بولسىمۇ، ئىراق سىبىرىيە چۆللۈكىنىڭ يېنىلا چۆچەكلەردىكى يەجۇجى مەجۇجىلەرگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقانلىقىنى بايقىغانىدىم. IX، X ئەسىرلەردە، يەنى كلاسسىك ئەرەب جۇغراپىيىسى دەۋرىدە، ئالىملار بىر-بىرىنىڭ ئەسىرىنى كۆچۈرگەنلىكى ھەمدە قەدىمكى مەنبەلەردىن ئۆز دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان سانلىق مەلۇماتلارنى ئالغانلىقىدىن ئەپسۇسلانمىغان. يەنى X ئەسىردىكى «ئورتاق مەنبە» نىڭ پادىشاھى داخۇم 800 - يىللاردىكى بېنگال ھۆكۈمرانى دارماپالانى كۆرسەتسىمۇ، يەنىلا ھىندىستان ھۆكۈمرانلىرى قاتارىدا سانالغاندەك ئىش بولدى.

بۇ مەلۇماتلار يات ئەللەر ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئاپتورلار ئاز ساندىكى 1 - قول ماتېرىياللارنى ئاساس قىلغان. بۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەردىمۇ ئالدىنقى بايانلار ئۆز پېتى تەكرارلىنىپ كەلگەن. شۇڭا بۇ بايانلار ئوقۇرمەنلەرنى ئاسانلا قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تېكىستلەر ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارساقلا، ئەسلى مەنبەگە مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ كۆپ تەپسىلاتلارغا ئېرىشەلەيمىز ھەمدە زور دەرىجىدە قىسقارتىۋېتىلگەن ئاساسلىق مەزمۇنلاردىكى قاراڭغۇ نۇقتىلارنى شەرھىيلىيەلەيمىز.

مەن شەرىفۇل زامان مەرۋىزىنىڭ كىتابىدىن ئىشلىگەن كىتابىمدا تېخىمۇ يىراق شەرققە دائىر سانلىق مەلۇماتلارنىڭ كۆپ قىسمىنى يورۇتۇشقا تىرىشقانىدىم. بۇ مەلۇماتلار ئەل بىرۇنى، ئەبۇل فىدا قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ. ئۇلار قىتان



دۆلىتىدىن كەلگەن قىتان خانلىقى ئەلچىسىنىڭ 1027 - يىلى مەھمۇت غەزنەۋىينىڭ ئوردىسىنى زىيارەت قىلغاندىكى بايانلىرىنى ئاساس قىلغان. بەزى رىۋايەتلەردە يەنە ۋولگا بويىدىكى بۇلغار خانلىقى ئەلچىلىرىنىڭمۇ 1024 - يىلى مەھمۇت غەزنەۋىينىڭ ئوردىسىنى زىيارەت قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ①.

بۇ ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇپ بولغان ھەم ئەرەبلەر بىلەن خەنزۇلار زومىگەرلىك تالىشىۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، نۇرغۇن ئەرەب سەييارھلىرى ھەم ئەلچىلىرى تېخىمۇ يىراق شەرققە ئىچكىرىلەپ كىرگەن②. بىراق، ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن ناھايىتى ئازلا خاتىرە ساقلىنىپ قالغان. Ⅸ ئەسىردىكى سامانىيلار خانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەكشۈرۈش نۇقتىسى بولۇپ قالغان. ئەسلى مەنبەلەرنىڭ كۆپىنچىسى كېيىنكى ئەسىرلەردە نەقىل ئېلىنىش يولى بىلەن ساقلىنىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بەزى سەيياھلار ۋە ئەلچىلەرنىڭ سالاھىيىتى تەدرىجىي روشەنلىشىشكە باشلىغان. بۇ ساھەدىكى نۇرغۇن جاپالىق ئەمگەكلەر گويې، توماسچېك، بارتولد ۋە ج. ماركۋارتلار تەرىپىدىن ئىشلەندى. تېخىمۇ يېڭى مەلۇماتلارنىڭ كۆپلەپ بايقىلىشى بىلەن ئەرەب ساياھەتچىسى تەمىم ئىبىن بەھرۇل مۇتەۋۋىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىگە قايتا باھا بېرىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلدى.

بۇ ساياھەت خاتىرىسىنىڭ كۆپ قىسمى ياقۇتنىڭ جۇغراپىيىۋى ئەسىرىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىللەردىن مەلۇم بولدى. بۇ ئۈزۈندىلەر ئىبىن خۇردەزبىھ، ئىبنۇل فەقىھ، قۇدامە قاتارلىق جۇغراپىيىشۇناسلارنىڭ تەمىمنىڭ ئەسلى خاتىرىسىدىن ئالغان نەقىللىرىنى ئېنىقلاشقا ئەسقاتسىمۇ، بىراق تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ مۆرەككەپ، توختاۋسىز كۆچۈشلىرى تەمىمنىڭ ساياھىتىنىڭ مەقسىتىنى ئېنىقلاش ھەم ۋاقتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ. 1923 - يىلى ئەھمەت زەكى ۋەلىدى توغان مەشھەدتە ئىبنۇل فەقىھنىڭ «كىتابۇل بولدان» ناملىق ئەسىرىنى بايقىدى. بۇ كىتابنىڭ گويې 1885 - يىلى نەشر قىلدۇرغان قىسمى پەقەت ئەسلى قوليازمىنىڭ قىسقارتىلمىسى ھەم تۈركلەرگە ئائىت قىسمى بولۇپ، تەمىمنىڭ ئىسمىمۇ كۆزگە چېلىقمايدۇ. ئۇ مەشھەتتىن تېپىلغان قولىيازمىدەك تولۇق ئەمەس، بىراق ئۇ بىر قىسىم قوشۇمچە خاتىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭدىكى نەقىللەر تەمىمنىڭ خاتىرىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ياقۇتنىڭ ئەسىرىگە قارىغاندا تەپسىلاتلار كۆپ. دەرۋەقە، نۇرغۇن بايانلار تېكىست بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، بىز ئۇلارنى قوش تىرناق ئىچىدە ئالدۇق ۋە شۇ ئارقىلىق بۇلارنىڭ قولىمىزغا يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا قىسقارتىلغان بايانلار ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتۇق.

11 - ئابزاس «ئۇ ئېيتىدۇكى. . .» دەپ باشلانغان. بۇنىڭدىن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، تەمىمنىڭ خاتىرىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بىرەر ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ياكى ئالىمنىڭ سوئاللىرىغا بېرىلگەن جاۋاپ بولسا كېرەك.

ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بۇ مەنبەلەر ياقۇتنىڭ ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغاندا «بارسخان» دېگەن نام خاتا ھالدا «نوشجان» دەپ يېزىلىپ قالغان. بۇنداق خاتا يېزىش ھادىسىسى ھازىرغىچە بايقالغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدىلا ئۇچرايدۇ. پەقەت مۇقەددەسى، گەردىزى، مەھمۇت قەشقەرىيلەرنىڭ ئەسەرلىرى ۋە «ھۇدۇدۇل ئالەم» دە «بارسخان» دەپ توغرا ئېلىنغان.

تەمىمنىڭ خاتىرىسىنىڭ يېڭىدىن نەشر قىلىنىشى بىلەن، مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىغا ئالاقىدار بىرمۇنچە تەپسىلاتلارنى قايتا ئۆزگەرتىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلدى. ناھايىتى مېغىزلىق ۋە مۇھىم بولغان تۆۋەندىكى پاكىتلار ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەڭ دەسلەپكى خانلىق تۈرك نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، 552 - قۇرۇلغان. كېيىن تېزلا ئىككى خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتكەن. شەرقىي تۈركلەر ئورخۇن ۋادىسىدا، غەربىي تۈركلەر ئېرتىش بىلەن تالاس ئارىلىقىدا ھاكىمىيەت قۇرغان. غەربىي تۈركلەر 10 قەبىلە بولۇپ، ئىككى گۇرۇھ (دۇلۇ ۋە نۇشىبى) ئىدى، غەربىي تۈركلەر باشتا سامانىيلارنىڭ، كېيىن ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ ئىتتىپاقچىسىغا ئايلانغان.

www.uyghurkitap.com

غەربىي تۈركلەر بىر مەزگىل ئۆز قېرىندىشى بولغان شەرقىي تۈركلەرنى غەربىي تەرەپتىن قوغدىغان. 689 - يىلى شەرقىي تۈركلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە قايتا تۈركلەر ئىتتىپاقى قۇرۇلغان. 744 - يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقى ئۇيغۇرلار باشچىلىقىدىكى ئۈچ قەبىلىدىن تۈزۈلگەن ئىتتىپاق تەرىپىدىن ۋەيران قىلىندى. ئۇيغۇر خانلىقى 840 - يىلغىچە مەۋجۇت بولدى. 840 - يىلى ئۇيغۇرلار قىرغىزلار تەرىپىدىن قوغلاندى. ئۇيغۇرلارنىڭ قالدۇق قىسمى ئاساسلىق غەربكە كۆچۈپ ئىككى خانلىق بەرپا قىلدى. بۇلارنىڭ بىرى گەنسۇ (847 - يىلى) دا، يەنە بىرى 866 - يىلى تۇرپاندا قۇرۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە غەربىي تۈركلەرنىڭ كونا تەركىبىي قىسمى بولغان ھەرقايسى قەبىلىلەر دەسلەپ تۈركەشلەرنىڭ (706 - يىلدىن باشلاپ)، كېيىن قارلۇقلارنىڭ (766 - يىلدىن باشلاپ) رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى.

## 2. تەرجىمىسى

1. تەمىم ئىبن بەھرۇل مۇتەۋۋىنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇلار (تۈركلەر) نىڭ دۆلىتى بەكلا سوغۇق بولۇپ، بىر يىل ئىچىدە پەقەت ئالتە ئايلا سەپەر قىلىشقا بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ توققۇز ئوغۇزخانلىقىغا قاغان ئەۋەتكەن ئاتقا مىنىپ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، ناھايىتى جاپالىق سەپەرنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇ بۇلاق ۋە گۈل - چېچەكلەر تولۇق بولسىمۇ، لېكىن نە يېزا ۋە شەھەر بولمىغان يايلاقتا 20 كۈن سەپەر قىلغان. بۇ يەردە پەقەت تۇشۇش خىزمىتىگە مەسئۇل ئاز ساندىكى كىشىلەرلا چېدىرلاردا تۇرىدىكەن. ئۇ 20 كۈنلۈك ئوزۇق ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۇ بۇ دۆلەتنىڭ ئەھۋالى ۋە بۇ سەپەرنىڭ 20 كۈنلۈك يايلاق سەپىرى ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. شۇ 20 كۈنلۈك يايلاق سەپىرىدىن كېيىن، ئۇ يەنە بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن كاتتا ئىمارەتلىك يېزىلارنى ئارىلاپ 2 كۈن يول يۈردى. بۇيەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ياكى كۆپ قىسمى تۈركلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتقا چوقۇنىدىغانلار (مەجۇسىيلەر) ۋە زىندىق دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بار ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قاغان ئوردىسىغا يېتىپ باردى.

2. ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇ شەھەر ناھايىتى چوڭ، شۇنداقلا تېرىقچىلىقى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى ناھايىتى ياخشى ۋە بولۇق ئۆسكەن رۇستاق (رساتىق) لار بىلەن ئورالغان، يېزىلىرى بىر بىرىگە تۇتۇشۇپ كەتكەنىكەن. بۇ شەھەرنىڭ ناھايىتى چوڭ 12 تۆمۈر دەرۋازىسى بار ئىكەن. شەھەردە ئادەم كۆپ، قىستاڭچىلىق بولۇپ، بازارلىرى ھەم ھەرخىل تىجارەتلىرى بەكمۇ روناق تاپقانىكەن. شەھەر خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى زىندىق دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن.

3. ئۇ بۇ شەھەرنىڭ چىن بىلەن بولغان ئارىلىقىنى 300 فەرسەخ دەپ مۆلچەرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە «بۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن بولۇشى مۇمكىن» دەپ قوشۇپ قويغان.

4. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: توققۇز ئوغۇز قاغانى تۇرىدىغان شەھەرنىڭ ئوڭ (جەنۇب) تەرىپى باشقىلار بىلەن زادىلا بېرىش - كېلىش قىلمايدىغان تۈركلەر زېمىنىدۇر. ئوردابالىق (پايتەخت) نىڭ سول تەرىپىدە كىماكلار، ئالدى تەرىپىدە چىن دۆلىتى بار.

5. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قاغاننىڭ شەھىرىگە بەش پەرسەخ كېلىدىغان جايدا قاغاننىڭ ئالتۇندىن ياسالغان چېدىرىنى كۆرگەن. بۇ چېدىر سېپىل ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ 100 ئادەم سىغقۇدەك چوڭلۇقتا ئىكەن.

6. ئۇنىڭ يېزىشىچە، توققۇز ئوغۇزخانلىقىنىڭ قاغانى چىن پادىشاھى بىلەن قۇدىلىشىش ئارقىلىق تۇغقاندارچىلىق ئورناتقان بولۇپ، چىن پادىشاھى توققۇز ئوغۇزخانلىقىغا ھەر يىلى 500 مىڭ توپ يىپەك ئەۋەتىپ بېرىدىكەن.

7. ئۇ يەنە يۇقىرى نوشجان (بارسخان) بىلەن شاش (تاشكەنت) نىڭ ئارىلىقىنى تارازدىن ماڭغاندا كارۋان سەپىرى ئۈچۈن 40 كۈنلۈك يول بولۇپ، ئۇ بۇ ئارىلىقنى ئاتلىق بىر ئايدا بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

8. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، يۇقىرى بارسخاندا تۆت چوڭ شەھەر ۋە تۆت كىچىك شەھەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ پەرىزىچە، ئەسكەرلەر كۆل بويىغا جايلاشقان

بىر شەھەرگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، بۇ يەردە تولۇق قوراللانغان 20 مىڭ چەۋەنداز بار ئىكەن. تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدە ئۇلاردىن كۈچلۈكلىرى يوق بولۇپ، ئەگەر ئۇلار قارلۇقلار بىلەن ئۇرۇشقىدەك بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ 100 ى قارلۇقلارنىڭ 1000 ئەسكىرىگە تېتىيدىكەن.

9. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كۆل تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك بولۇپ، ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار قورشاپ تۇرىدىكەن. بۇ تاغلاردىن ھەرخىل دەرەخلەر تېپىلىدىكەن. ئۇ: بۇ يەردە بىر شەھەرنىڭ خارابىسى بار ئىكەن؛ تۈركلەردىن بۇ شەھەرنىڭ كىملەر تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقىنى، بۇ يەردە كىملەرنىڭ ياشىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قاچان خارابىلىققا ئايلانغانلىقىنى بىلىدىغان بىرمۇ كىشىنى ئۇچرىتالمىدىم، دەيدۇ. بۇ جايدا بىر دەريا بولۇپ، ئۇ شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدىكەن. ھېچكىم بۇ دەريانىڭ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرەلمەيدىكەن. ئۇ: «مەن بۇ دەريادا ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان تۈرلۈك سۇ ھايۋانلىرىنى كۆردۈم. مەن يەنە باشقا دۆلەتلەردە ئۇچرىتىپ باقمىغان قۇشلارنى كۆردۈم» دەيدۇ. ئۇ يەنە: «شۇ جايغا يېقىن بولغان يېزا ـ شەھەر خەلقى ھەم بارسخانلىقلار ھەر يىلى ئەتىيازدا دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ بۇ جاينى تاۋاپ قىلىشىدۇ»، «كۆلگە (تىبەت)، توققۇز ئوغۇز ھەم كىماك تەرەپتىن بولۇپ چوڭ ـ كىچىك 150 ئېقىننىڭ سۈيى قۇيۇلىدىكەن» دەيدۇ.

10. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆگىلىك 40 كۈنلۈك يول بولۇپ، ئاتلىق توختىماي ماڭسا بىر ئايدا بېسىپ بولالايدىكەن.

11. ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇ توققۇز ئوغۇزلار قاغانىنىڭ ئوردىسىغا قوشنا بولغان شەھەرگە تىكىلگەن قاغان بارگاھىغا كەلگەندە، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھىنى كۆرگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى پەرەز قىلىپ كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ ئوردىسى ئەتراپىدا باشقا نەرسىلەرنى تىلغا ئالمىغاندا 12 مىڭ ئەسكەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇندىن باشقا 17 ئاتامان بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ قولىدا 1300 ئەسكەر بار ئىكەن، ھەر ئىككى ئاتامان قارارگاھى ئارىلىقىدا بىردىن قاراۋۇللۇق ئورنى بار ئىكەن. ئاتامانلار بىلەن قاراۋۇللۇق ئورنى بىر بىرىگە تۇتاش بولۇپ، چەمبەر ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەنىكەن. بۇ چەمبەرسىمان شەكىلدىن ئەسكەرلەرگە قارىتىلغان يۆنىلىشتە تۆت قوۋۇق ئېچىلغانىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: قاغان ۋە ئەسكەرلەرنىڭ بارلىق مال ـ چارۋىلىرى قاغان ئوردىسى بىلەن سانغۇنلارغا تەئەللۇق يەرلەر ئارىلىقىدا يايلايدىكەن. بىرمۇ ھايۋان بۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ كېتەلمەيدىكەن.

12. ئۇنىڭدىن كىماكلارغا بارىدىغان يول ھەققىدە سورىساق، ئۇ مۇنداق دېدى: تارازدىن kiwakib③ دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى يېزىغىچە بولغان ئارىلىق بەكمۇ ئاۋات ھەم ئاھالىسى كۆپ جاي ئىكەن. تارازدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئارىلىقى يەتتە پەرسەخ كېلىدىكەن. بۇ جايدىن كىماك خانلىقىغىچە تېز ماڭسا ئاتلىق 80 كۈنلۈك سەپەر ئىكەن. بۇ جايدا قۇملۇق، ئوتلاق ۋە تۇزلەڭلىكلەر كۆپ بولۇپ، ئوتلىرى بولۇق، بۇلاقلىرى كۆپ ئىكەن. بۇ جاي كىماكلارنىڭ يايلىقى بولۇپ، ئۇ يەنە مۇشۇ يەردىن ئۆتۈشىدە پادىشاھ ھەم ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ چېدىرلىرىنى ھەمدە قوشنا يېزىلارنىڭ ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلىرىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. پادىشاھ بىر جايغا بارماقچى بولسا، يايلاقنى بويلاپ ماڭىدىكەن. پادىشاھنىڭ چارۋىلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ ئىكەن. 20 مىڭچە ئاتلىق ئەسكىرى بار ئىكەن④.

13. ئەبۇل فازىل ۋاسجىردىنىڭ بايان قىلىشىچە، ھارۇن رەشىد زامانىدا (786 — 809) توققۇز ئوغۇزلار قاغانى ئىككى قېتىم چىنغا لەشكەر تارتقان⑤. مۇنداق ئىش ئەل مەھدى زامانى (775 — 785) دىمۇ يۈز بەرگەن. بۇ ئۇرۇش ئۇسرۇشان بىلەن سەمەرقەنتكە يېقىن جايدا يۈز بەرگەن. سەمەرقەنت نائىبى ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە مەيدان ئۇرۇش قىلغان، بەزى ئۇرۇشلار ناھايىتى دەھشەتلىك بولغان. ئاللاھ سەمەرقەنت ھۆكۈمرانىغا نۇسرەت ئاتا قىلغان. ئۇ رەقىبلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، نۇرغۇن ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ چىنىنىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ، 600 مىڭ

ئادىمىنى ئەسىر ئالغانىكەن. مۇسۇلمانلار ناھايىتى كۆپ ئولجا ئالغان بولۇپ، بەزىلەرنى ھەتتا بالىلىرى بىلەن قوشۇپ ئەسىر ئالغان. ئۇلار سەمەرقەنتتە قەغەز ھەم ھەرخىل ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ياسىغان. بۇ نەرسىلەر پۈتكۈل خۇراسان بويىچە يالغۇز سەمەرقەنتتىلا ئىشلەپچىقىرىلغان.

14. تۈرك ئېلىدە يامغۇر، قار ۋە سوغۇق تىلىگەندە ئىشلىتىلىدىغان تاشلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. بۇ تاش ھەققىدىكى رىۋايەتنى ھەممە كىشى بىلىدىكەن. بۇنداق ئادەت ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، ھېچقانداق تۈرك ئۇنى ئىنكار قىلمايدىكەن. بۇ تاشلار ئاساسلىقى توققۇز ئوغۇز قاغانىدىلا بولۇپ، باشقا تۈرك قاغانلىرىدا مۇنداق تاش بولمايدىكەن.

15. ئەبۇ ئابدۇللا ئەل ھۇسەيىن بىننى ئۇستازۋيە ئۆزىنىڭ ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم بىننى ئەل ھەسەندىن، ھىشام بىننى لوھراسىپ ئەل سائىبۇل كەلبىدىن، ئەبۇمەلىھتىن، ئىبنى ئابباستىن ئاڭلىغانلىرىنى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبراھىم ھايات ۋاقتىدا سارا ئۆلۈپ كەتكىچە ئۇنىڭدىن باشقا بىرسىگە ئۆيلەنمەپتۇ. سارا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ساپ ئەرەب قان سىستېمىسىدىن بولغان فەنتۇرابىنت مەقتۇر ئىسىملىك بىر ئايالغا ئۆيلىنىپتۇ. ئۇلار ساياھەت قىلىپ خۇراسانغا كەلگەندە، شۇ يەرگە ماكانلىشىپ كۆپىيىپتۇ ھەمدە ئۆزىگە قارشى چىققانلارنى باستۇرۇپتۇ. بۇ ھېكايە نوھنىڭ ئوغلى يافەسىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئوغۇل - قازارغا يېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ئۇلارغا بېغىشلاپ ئۇلار بىلەن ئەھدى تۈزۈپتۇ ۋە تويلىشىپتۇ. بەزىلىرى ئۇلار بىلەن تۇرۇپ قاپتۇ، قالغانلىرى ئۆز دۆلىتىگە قايتىپتۇ.

## 3. شەرھى

### 1) توققۇز ئوغۇزلار

تەمىمنىڭ توققۇز ئوغۇزلارغا قىلغان ساياھىتى توغرىسىدىكى خاتىرىنى بىرقانچە نۇقتا بويىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەي تۇرۇپ تولۇق چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

توققۇز ئوغۇز دېگەن نام ئەڭ دەسلەپتە ئورخۇن ئابىدىلىرىدە ئۇچرايدۇ. بىراق، بۇ نام قاغاننىڭ ئۆز قەبىلىسى قاتارىدا تىلغا ئېلىنمايدۇ. شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانلىرىغا دائىر ئوخشاش مەزمۇندىكى ئىككى مەڭگۈتاش ۋە تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى (720 - يىلى) دا «تۈرك» ئاتالغۇسى ھۆكۈمرانغا ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە قارىتا ئىشلىتىلگەن. تۆۋەندىكى نەقىلدىن ئومۇمىي ئەھۋالنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. قاغان مۇنداق دەيدۇ: «تۈركەش قاغان ئۆز تۈركلەرىمدىن ئىدى» ئۇ يەنە توققۇز ئوغۇزلارنى «ئۆز خەلقىم ئىدى» دېگەن. بىراق، تۈرك قاغانى ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ئون ئوقلارغا قارشى تۇرغان. ئون ئوقلار بولسا تۈركەش قاغانىنىڭ خەلقى ئىدى. ئۇلار شۇنداقلا توققۇز ئوغۇزلارغىمۇ قارشى تۇرغان. تۇنيۇقۇقنىڭ بايانىدا تۈركەش قاغان ئۆزىنى «بىز ئوغۇزلار» دەيدۇ ھەم تۈركلەرگە قارشى تۇرۇشنى پىلانلايدۇ. تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تاشنى بىلگەقاغاننىڭ «تۈرك ھەم ئوغۇزلار» ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەنلىكىنى مەدھىيلەش بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان.

بۇ نەقىللەر تۈركلەرنىڭ ئېتنىك ئىتتىپاقىنى، ئون ئوقلار، توققۇز ئوغۇزلار ھەم ئوغۇزلارنىڭ تۈركلەرنىڭ شىمالىدا ياشىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق، بۇ گۇرۇپپىلار سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كەلمىگەن ياكى پارچىلىنىپ كەتكەن. شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، توققۇز ئوغۇز نامى يا شەرقىي تۈركلەر ئىتتىپاقىنىڭ يادروسى بولغان «تۈرك» لەرنى كۆرسەتمىگەن، يا غەربىي تۈركلەر ئىتتىپاقىنىڭ نامى بولغان «ئون ئوقلار» نى كۆرسەتمىگەن. بۇ چاغدا ئون ئوقلارغا تۈركەشلەر رەھبەرلىك قىلاتتى، ئۇزاق ئۆتمەي ئازلارنىڭ يېڭى ئىتتىپاقى بارلىققا كەلگەن.

2. 840 - يىلى ئورخۇن ۋادىسىدىكى تۈركلەرنىڭ ئورنىنى ئۇيغۇرلار ئىگىلىدى. بۇ يېڭى ئىتتىپاق ئەسلى تۆلەس ئىتتىپاقىغا مەنسۇپ بولۇپ، سېلېنگا ۋادىسىدا ئىلتەبىرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان.

ئۇيغۇر مەڭگۈ تاشلىرى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىغا قارىغاندا ياخشى ساقلانمىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى قاغانىغا مەنسۇپ ناھايىتى قىممەتلىك مەڭگۈ تاشتا تۈركلەرنىڭ ئاخىرقى قاغانى ئوزمىش ئۈستىدىن

uyghurkitap.com

غەلىبە قازانغانلىقىغا دائىر بايانلارنىڭ بىرنەچچە قۇرى بۇزۇلۇپ كەتكەن. سۇجى مەڭگۇ تېشىدىكى بايانلار ئايرىم شەخسلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ 840 ـ يىلدىن كېيىنكى ۋاقىتلارغا تەئەللۇقلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. كىشىنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەك قوزغايدىغىنى 821 ـ يىلدىن كېيىن تىكلەنگەن مەڭگۇ تاش بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئېتىقادىنى مانى دىنىغا ئۆزگەرتكەنلىكى بايان قىلىنغان. مەڭگۇ تاشنىڭ خەنزۇچە قىسمىدىمۇ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئاز ـ تولا بايانلار بار. مەڭگۇ تاشنىڭ سوغدىچە قىسمىدىكى بايانلارنىڭمۇ بەزى مەزمۇنلارنى ئېنىقلاشقا پايدىسى بار. بىراق، مەڭگۇ تاشنىڭ تۈركچە يۈزى پايدىلانغىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن.

شىنە ـ ئۇسۇ مەڭگۇ تېشىدا قاغان ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇزلارنى تىلغا ئالىدۇ ھەمدە قاغان توققۇز ئوغۇزلارنى ئۆز خەلقىم دەيدۇ. ئۇ يەنە تۈركلەرنى يوقاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. باشقا بايانلاردا ئون ئوقلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن ئۈچ قارلۇق خەلقى؛ سەككىز ئوغۇز ھەم ئوتتۇز تاتارلار؛ توققۇز ئوغۇزلار، چىكلارغا تۇتۇق بەلگىلەش؛ تۈركەشلەر ۋە قارلۇقلار؛ جۇڭگودىكى ئوغۇز تۈركلىرى؛ چىگىل ھەم قارلۇق تۇتۇقلىرى؛ تۈركەشلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن قارلۇقلار؛ ئۈچ قارلۇق؛ ئۈچ تۇغلۇقلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنىدۇ.

بۇ تىزىملىكتىن شۇ نەرسە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئون ئۇيغۇر ئىتتىپاقى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پەرقى بار. ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئۇيغۇرلار شۇ مەزگىلدە ئون قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان بولسىمۇ، خەنزۇچە مەنبەلەردە پەقەت توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىسىلا تىلغا ئېلىنىدۇ. بىز يەنە ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئۆز ئەجدادلىرى بولغان تۈرك قاغانىغا ئوخشاش، توققۇز ئوغۇزلارنى ئۆزلىرىگە تەۋە خەلق دەپ ئېيتقانلىقىنى كۆرىمىز. شۇڭلاشقا، توققۇز ئوغۇزلارنى ئۇيغۇرلارمۇ، تۈركلەرمۇ ئۆزلىرىگە تەۋە دەپ قارايدىغان ئارىلىقتىكى بىر ئىتتىپاق بولۇشى مۇمكىن دېگەن ئېھتىماللىقنى چەتكە قاقالمايمىز.

پاكىتلار ئورخۇن ۋادىسىنىڭ قەبىلە تۈزۈلۈشىنى ئېنىق بېكىتكىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قەبىلە ۋە ئىتتىپاقلار كۆچمەن چارۋىچىلىق ئەمەلىيىتىگە ماس ھالدا ئۆز تەۋەلىكىنى ئۆزگەرتىپ تۇرغان.

XIV ئەسىردە ياشىغان راشىدىن «ئۇيغۇر ئېلى» ھەققىدىكى بايانىدا ئون دەريا بويىدا ئون ئۇيغۇرلار، توققۇز دەريا بويىدا توققۇز ئۇيغۇرلار ياشايدۇ، دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. بۇلار شۈبھىسىز، شىنە ـ ئۇسۇ مەڭگۇ تېشىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى ئىتتىپاق ئىدى.

توققۇز قەبىلىدىن تۈزۈلگەن بۇ ئىتتىپاق ئەسلى ئۇيغۇرلارنى يادرو قىلىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، كېيىن ئۇيغۇر نامى پۈتكۈل ئىتتىپاقنىڭ نامى بولۇپ قالغان بولسا كېرەك. ئەپسۇسكى بۇ پەرەز بىزدە نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر خانى بىرىنچى قېتىم ئون ئۇيغۇرلارنى تىلغا ئالىدۇ، يەنە نېمە ئۈچۈن ئون ئۇيغۇر بىلەن توققۇز ئوغۇزلارغا پەرقلىق مۇئامىلىدە بولىدۇ دېگەن سوئالنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭغا تېخى قايىل قىلارلىق جاۋاپ تېپىلغىنى يوق.

ئىسلام مەنبەلىرىدە تۈركلەرنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆرەشلىرى ھەققىدە تەپسىلىي خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. ئەڭ دەسلەپكى مەنبەلەردە پەقەت «تۈرك» نامىلا تىلغا ئېلىنغان. تەبەرىنىڭ بۈيۈك تارىخىي ئەسىرىدە بۇ نام 1 ـ بۆلۈمدە 74 قېتىم، 2 ـ بۆلۈمدە 121 قېتىم، 3 ـ بۆلۈمدە 111 قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. تەبەرى پەقەت بىرلا يەردە (3 ـ بۆلۈم 1044 ـ بەتتە) بۇ نامنى توققۇز ئوغۇز دەپ تىلغا ئالىدۇ. ئۇندىن باشقا مەشھۇر تارىخچى ياقۇبى (ئۇ خوراسان ھەم ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق مول مەلۇماتقا ئىگە كىشى ئىدى) توققۇز ئوغۇز دېگەن نامنى 809 ـ 810 ـ يىللارغا مەنسۇپ بايانلىرىدا بىر قېتىم، 806 ـ يىلدىن كېيىنكى مەزگىللەرگە ئائىت بايانلىرىدا بىر قېتىم بولۇپ، جەمئىي ئىككى قېتىم تىلغا ئالىدۇ. بىز بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا «خۇلاسە» دە مەخسۇس توختىلىمىز. بۇ جايدىكى توققۇز ئوغۇز نامى ھەققىدىكى مۇھىم پاكىت ئەسلى مەنبەسىنىڭ قەيەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دىققىتىمىزنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئورخۇن ۋادىسىدا قۇدرەت

تاپقاندا، بۇ نام مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ تارىخنامىلىرىگە سىڭىپ كەتكەنىدى.

كېيىنكى مەزگىللەردە، ئىسلام مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان توققۇز ئوغۇزلار، روشەنكى ئۇيغۇرلارنىڭ گەنجۇ رايونلىرىدا قۇرغان يېڭى خانلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسئۇدىنىڭ ئەسىرىدىكى ئىككى بۆلەك مەزمۇن ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ: مەسئۇدى ئالدى بىلەن ياپەسنىڭ ئەۋلادلىرىنى ساناپ كېلىپ: «ئۇلار تۈركلەر، قارلۇقلار ھەم توققۇز ئوغۇزلاردۇر. ئۇلار كېيىن قوچۇ شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولۇپ قالغان. بۇ خانلىق خوراسان بىلەن جۇڭگونىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. بىزنىڭ دەۋرىمىزدە (943 - يىللىرى) تۈرك قەبىلىلىرى ھەم تۈركلەر ئىچىدە توققۇز ئوغۇزلاردەك باتۇر، ئۇلاردەك قۇدرەتلىك ھەم ئۇلاردەك مۇستەھكەم دۆلەت باشقۇرغانلار يوق. ئۇلارنىڭ قاغانى ئۇيغۇر قاغان بولۇپ، مانى دىنىغا ئىشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا مانى دىنىغا ئىشىنىدىغان باشقا تۈركلەر يوق. باشقا تۈركلەردىن كىماكلار، بارسخانلىقلار، ئەل بديا⑥، ئەل جغرىيە⑦ لەر بار. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى غۇزلار ئەڭ كۈچلۈك. قارلۇقلار قەددى قامەتلىك ھەم گۈزەل كېلىدۇ. ئۇلار پەرغانە ھەم شاش رايونىدا ۋە بۇ يەرگە يېقىن جايلاردا ياشايدۇ. ئۇلار (قارلۇقلارنى ئەمەس تۈركلەرنى كۆرسەتسە كېرەك) نىڭ خانلىقى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاغانى قاغانلارنىڭ قاغانى ھېسابلىناتتى. ئۇ باشقا تۈرك خانلىقلىرىنى بىرلەشتۈرگەن ھەم بۇ خانلار ئۇنىڭغا بويسۇنغان. بۇ خانلارنىڭ بىرى بولغان ئاپراسياپ تۈرك بولۇپ، پارسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. بۇلاردىن باشقا يەنە شابا ئىسىملىك بىرخان ئۆتكەن. بىزنىڭ دەۋرىمىزدە تۈركلەرنىڭ نە خانى نە ئۇ خانغا بېقىنىدىغان باشقا خانلار قالمىدى.

بارتولد بىلەن ماركۋارت تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن ئېنىق خۇلاسىگە كېلەلمىدى. ماركۋارت دەسلەپ خۇردەزبىھە ئورخۇن ۋادىسىدىكى توققۇز ئوغۇزلارنى تىلغا ئالغان دېگەن پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ، كېيىن يەنە تەمىم زىيارەت قىلغان توققۇز ئوغۇزلار پايتەختى قوچۇنى كۆرسىتىدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

بارتولد دەسلەپ (1897 - يىلى) تەمىمنىڭ ساياھىتىنى IX ئەسىردىن كېيىن ئەمەس دېگەنىدى. بارتولد «ھۇدۇدۇل ئالەم» دىكى ۋە ئىدرىسىنىڭ ئەسىرىدىكى بايانلارغا ئاساسەن توققۇز ئوغۇزلار پايتەختىنى شەرقىي تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدىن ئىزدەشنى ئېيتىدۇ. 1926 - يىلى ئۇ تەمىمنىڭ ساياھىتى 760 - يىلدىن بۇرۇنقى ياكى IX ئەسىردىن كېيىنكى مەزگىللەرگە توغرا كېلىشى مۇمكىن دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەن «ھۇدۇدۇل ئالەم» گە بەرگەن ئىزاھاتىمدا ياقۇتنىڭ تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن ئالغان نەقلىنى ئىبن خۇردەزبىھە، قۇدامە ۋە ئەبۇ دۇلەفلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان نەقىللەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئانالىز قىلغانىدىم. بەزى تەخمىنلەر بىلەن مەن تەمىم زىيارەت قىلغان پايتەختنىڭ بېشبالىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. كېيىن زەكى ۋەلىدى تاپقان نۇسخىنىڭ فوتونۇسخىسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق توققۇز ئوغۇز ھۆكۈمرانلىرى بىلەن چىن پادىشاھلىرىنىڭ قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىشىغا دائىر ئىنتايىن مۇھىم مەلۇماتقا ئىگە بولدۇم. شۇڭا بۇ يەردە ئىلگىرىكى كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى.

توققۇز ئوغۇز دۆلىتىنىڭ پايتەختى 744 - يىلدىن 840 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئورخۇن ۋادىسىدىكى قارابالغاسۇندا ئىدى. 840 - يىلدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى تەڭرىتاغ رايونىغا كۆچكەندىن كېيىن، ئۇلار بېشبالىقنى يازلىق پايتەخت، قوچۇنى قىشلىق پايتەخت قىلدى.

تەمىم ئىبن بەھىر، ياقۇت، قۇدامە ۋە جەيھانىيلارنىڭ توققۇز ئوغۇزلار ھەققىدىكى بايانلىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، توققۇز ئوغۇزلار پايتەختىنىڭ ئۇدۇلىغا چىن شەھىرى جايلاشقان بولۇپ، ئارىلىقى 300 پەرسەخ (1800 كىلومېتىر) ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك كېلىدۇ، دېگەن بايانلاردىن تەمىمنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلمىغانلىقىنى، بۇيەردە پەقەت جۇڭگو ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى

www.uyghurkitap.com

ئېيتقانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئارىلىق ئۇيغۇر پايتەختىنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە ئىشلىتىلگەن. پاكىت شۇكى، گەردىزى چىنەنكەنت (قوچو) تىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قۇمدان (چاڭئەن) غىچە بولغان ئارىلىقنى 66 كۈنلۈك (تەخمىنەن 2000 كىلومېتىر) يول دېگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئورخۇندىكى پايتەخت بىلەن چاڭئەن شەھىرىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 1650 دىن 1700كىلومېتىرغىچە بولۇپ، قۇشتەك ئۇچقان تەقدىردىمۇ تەمىم ئېيتقاندەك ئۇنچە تېز بېرىش مۇمكىن ئەمەس.

## 2) توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختى

توققۇز ئوغۇز پايتەختىگە قوشنا كۆلنى تىلغا ئالغاندا، ئېنىقكى، قۇدامەنىڭ خاتىرىسىدىكى مۇشۇ بۆلەك خاتا چۈشەنچە ئىدى. بۇ جايدا پەقەت پادىشاھ ئوردىسىدىكى ئالتۇن چېدىرنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىگە دائىر مەزمۇنلار تىلغا ئېلىنغان. مۇبادا قاغان چېدىرىنىڭ ئالتۇندىن ياسالغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلىسەك بۇ پەرەز پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «تاڭنامە. قىرغىزلار تەزكىرىسى» دە ئاخىرقى ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئورخۇندىكى پايتەختىدە ئالتۇن چېدىرىنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان.

قىرغىز ھۆكۈمرانى بىلەن ئۇيغۇر قاغانى ئوتتۇرىسىدىكى 20 يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىن، ئۆز غەلىبىسىگە ئىشەنگەن ئاجو (قىرغىز ھۆكۈمرانىنىڭ نامى): «سىلەرنىڭ مەھشەر كۈنۈڭلار يېتىپ كەلدى، ئەمدى مەن سىلەرنىڭ ئالتۇن چېدىرىڭلارنى قولغا ئالىمەن ھەم چېدىرىڭلارنىڭ ئالدىدا ئاتلىرىمنى چاپتۇرۇپ، تۇغ - ئەلەملىرىمنى لەپىلدىتىمەن» دەپ ھەيۋە قىلغانىدى. ئاخىرى 840 - يىلى ئۇيغۇر قاغانى ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ تېگىنلىرى تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. ئاجو ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئالتۇن چېدىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۇ نۇرغۇن بايلىق ۋە تەيخې مەلىكىنى قولغا چۈشۈرۈپ، لاۋ تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆز چېدىرىغا يۆتكەپ كەتتى.

تەمىم تىلغا ئالغان 12 تۆمۈر دەرۋازىلىق ۋە كۈنگۈرىلىك پايتەخت شەھىرى بولسا بىپايان تېرىلغۇ يەرلەر ئارىسىغا جايلاشقان.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئورخۇندىكى ئوردىسى تۇنجى قاغان تەرىپىدىن ئورخۇن دەرياسى بىلەن بالىقلىغىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا قۇرۇلغان. ئۇنىڭ خارابىسى تەخمىنەن 2.5×7 كىلومېتىر كېلىدۇ. خان شەھىرى ئۇنىڭ شىمالىدا بولۇپ، تەخمىنەن 200×450 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭغا يېقىن دەرۋازىنىڭ ئورنىنى ھېلىھەم پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، كېيىنكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىككى پايتەختى بار بولۇپ، بېشبالىقنىڭ تاشقى سېپىلىنىڭ ئىچىدىكى چاسا شەكىللىك رايون 1.820×1.965 كىلومېتىر چوڭلۇقتا بولۇپ، ئىچكى ئايلانما تام شەرقىي تامغا يانداش. قوچۇ شەھىرىنىڭ خارابىسى ئەگرى - بۈگرى بولۇپ، دائىرىسى 1.820×1.820 كىلومېتىر كېلىدۇ، شەھەر مەركىزىدە قاغان تۇرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ھەر ئىككى پايتەخت ئاھالىسى كۆپ، يېرى مۇنبەت، گۈللەنگەن رايونغا جايلاشقان. ئەمما ھازىرقى سېخېمىسىدىن قانچە دەرۋازىسىنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

چۈشىنىكسىز بولغىنى، تەمىمنىڭ پايتەختكە يېتىپ بېرىشتىن 20كۈن (ياكى 25كۈن) بۇرۇن «بىربىرىگە تۇتاش يېزىلار» نى بېسىپ ئۆتكەنلىكى ھەققىدىكى بايانلىرىدۇر. تۇرپان رايونىدا نۇرغۇن شەھەر ھەم يېزا ئىگىلىك مەركەزلىرى بار ئىدى. بىراق ئورخۇن ۋادىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئەھۋالىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئېھتىمال بەزى تېرىلغۇ يەرلەر قاغانغا بېقىنغان سوغدىلار ۋە خەنزۇلار تەرىپىدىن تېرىلغان بولسا كېرەك. تەمىم بەلكىم بەزى قاراۋۇللۇق ئورنىغا تەۋە جايلارنىمۇ تىلغا ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

## 3) دىنىي ئېتىقادى

تەمىمنىڭ دىنىي ئېتىقاد توغرىسىدىكى بايانلىرى چۈشىنىكسىز بولۇپ، ئاخىرقى 20 كۈنلۈك سەپىرىدە ئۇچراتقان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. يەنە بىر قىسمى زىندىق دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. پايتەختتە زىندىق دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. توققۇز ئوغۇزلارغا بېقىنغۇچىلار ئارىسىدا زوروئاستىر دىنىغا

ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ بولۇشى ناتايىن. تەمىمنىڭ تىلغا ئالغىنى ئېھتىمال بۇددىستلار ياكى تەبىئەتكە چوقۇنغۇچى تۈركىي قەبىلىلەر بولۇشى مۇمكىن. زىندىق دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ھەققىدە بىزدە ئىشەنچلىك ئاساس بار. مۇسۇلمانلار ئادەتتە ئۇلارنى مانى مۇرتلىرى دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇر خان بۇ دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن خېلى بۇرۇنلا (ئۇ 763 -يىلى لوياڭدا تۇرۇشتىن خېلى بۇرۇن) بۇ دىن تۈركلەر ئىچىدە ئومۇملاشقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ دىنىي ئىسلاھاتتىن كېيىن، «جىن -شەيتانلارنىڭ ھەيكەللىرى ۋە رەسىملىرى» ۋەيران قىلىندى. مانى مۇرتلىرى مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىدى. قاغاننىڭ ۋارىسى (759—780) قارابالغاسۇندا تىكلەنگەن ئۈچ خىل يېزىقتىكى مەڭگۈتاش (بۇ تاش 808 - يىلدىن 821 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان قاغاننىڭ شەرىپىگە تىكلەنگەن) تا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەن تەقۋادار مانى مۇخلىسى ئىدى. بىراق، شۇنىسى گۇمانلىقكى، شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ پۇقرالىرى مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن قوبۇل قىلمىغان. بولۇپمۇ پايتەخت بالاساغۇن سىرتىدىكىلەر تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى.

763 -يىلى تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم بېرىش سەۋەبى بىلەن بولغان ئېتىقاد يېڭىلاش مانى دىنىنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە سانالدى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلار تەرىپىدىن يىمىرىلگەندىن كېيىنلا جۇڭگودا مانى دىنى چەكلەندى. مانى دىنىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارقىلىشى توغرىسىدا قىزىقارلىق ھەم جانلىق مەلۇماتلار بار.

## 4) قەبىلىلەر مەسىلىسى

تەمىمنىڭ يۇقىرىقى بارسخان ئاھالىسىنىڭ قارلۇقلار بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا ئۇستۇنلۇك قازانغانلىقى ھەققىدىكى بايانلىرى بىر قەدەر گەۋدىلىك. يۇقىرىقى بارسخاننىڭ ئورنى تاغلار ھەم كۆللەرنىڭ تەبىئىي مۇھاپىزىتىدە بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك شەھەرلەردىن ئىدى. بۇ جاينىڭ بۇرۇنقى ئاھالىسى قەدىمكى ئاھالىنىڭ بىر قېتىملىق كۆچۈش دولقۇنىغا مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن. تەمىم 9 - ئابزاستا تىلغا ئالغان بارسخاندىكى قەدىمكى شەھەر كەلگۈسىدىكى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئۈچۈن مۇھىم يىپ ئۇچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. كېيىن ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى رايونلار غەربىي تۈركلەر تەرىپىدىن بىرلەشتۈرۈلدى. بىراق بۇ رايوندىكى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمراننىڭ قايسى قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. مەسئۇدى بارسخانلىقلارنى ئالاھىدە بىر ئىتتىپاق دەپ ئېيتقانىدى.

766 - يىلدىن كېيىن قارلۇقلار غەربىي تۈركلەر (تۈركەشلەر) گە ۋارىسلىق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى قانلىق ئۇرۇشلار ئىسسىقكۆل رايونىدىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن. «ھۇدۇدۇل ئالەم» دە يۇقىرىقى بارسخاننىڭ IX ، X ئەسىرلەردىكى ئورنى ھەققىدە «بارسخان كۆل بويىغا جايلاشقان ئاۋات ۋە ھوزۇر بەخش شەھەر بولۇپ، خەلقى قارلۇقلار، ئۇلار توققۇز ئوغۇزلارغا سادىق» دېيىلگەن. «ھۇدۇدۇل ئالەم» دە تىلغا ئېلىنغان توققۇز ئوغۇزلار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاھالىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن بارسخانلىقلارنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بىراق بارسخانلىقلار قارلۇقلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكى نەتىجىسىدە بويسۇندۇرۇلغان.

بىراق، تەمىم بارسخانلىقلار قارلۇقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان دەۋرنى تىلغا ئالىدۇ. ئەل جاھىز (868 -يىلى ۋاپات بولغان) «قارلۇقلار گەرچە سان جەھەتتە ئىككى ھەسسە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن توققۇز ئوغۇزلار ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇراتتى» دەيدۇ. ئۇنىڭ خاتىرىسىمۇ تەمىمنىڭ خاتىرىسىنىڭ تەكرارلىنىشى بولسا كېرەك.

تېخىمۇ قىزىقارلىق تەپسىلات، قاغاننىڭ تەمىمنىڭ 20 كۈنلۈك سەپىرى ئۈچۈن ئات ئەۋەتكەنلىكىدۇر. ئەگەر قاغاننى بېشبالىقتىكى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانى دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ تۆۋەنكى بارسخانغا ئات ئەۋەتىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغان بولىدۇ. چۈنكى يۇقىرىقى بارسخاننىڭ ئارىلىقى تېخىمۇ يېقىن. ئۇيغۇرلار ئورخۇندا

هاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋردە، تۆۋەنكى بارسخان قارلۇقلارنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. بىراق تەمىم قارلۇقلارنىڭ بارسخانلىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقىدىن باشقا ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن. بۇ بەلكىم مەشھەدتىن تېپىلغان قوليازمىدا قىسقارتىۋېتىلگەن بولسا كېرەك.

تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قوشنىلىرى توغرىسىدا «ئوڭ تەرەپ يەنى جەنۇب تەرەپ ياكى غەربىي جەنۇب تەرەپتە ھېچكىم بىلەن ئارىلاشمايدىغان تۈركلەر ياشايدۇ» دېيىلگەن. دەرۋەقە بۇ تۈركلەر شاتولار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنى كۆرسىتەتتى. ئۇلار شىمالدا كىماكلار بىلەن قوشنا ئىدى. ئۇلار ئېرتىش دەرياسىغا مەركەزلەشكەن قىپچاقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ماركۋارت «كومانلار» ناملىق ئەسىرىدە، بۇ ئىتتىپاق Ⅷ ئەسىردىلا مەۋجۇت ئىدى، دەيدۇ. ئورخۇن بىلەن تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنى باشقا قەبىلىلەر كىماكلاردىن ئايرىپ تۇراتتى. تەمىمنىڭ يازغانلىرى ئەنە شۇ ئەھۋالنىڭ ئىنكاسى بولسا كېرەك. ئۇ توققۇزئوغۇزلار قاغانىنى زىيارەت قىلغىلى بارغاندا تالاستىن ئۆتكەن. بىراق مۇشۇ ۋاقىتتا يولنىڭ سولغا يەنى شىمالغابۇرۇلغانلىقى ئېنىق. ئۇ مۇشۇ يولنى بويلاپ، كىماكلارنىڭ ھۆكۈمرانى بار تەرەپكە قاراپ ماڭغان. تەمىم ئەگىپ ئۆتۈپ كەتكەن يەردە قارلۇقلارنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

تەمىم قاغاننىڭ شەھەر سىرتىدىكى چېدىرىنىڭ بىر بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان 17 ئاتامانىنىڭ چېدىرى بىلەن قورشىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ سان غەلىتە بولۇپ، بىزنىڭ بىلىشىمىزچە ھېچقانداق بىر تۈرك ئىتتىپاقى 17 دەپ ئاتالمىغان. قاغاننىڭ چېدىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا بۇ سان 18 گە يېتىدۇ. بۇنى مېنىڭچە مۇنداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. «تاڭنامە» دە توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تىلغا ئېلىنغاندا، «ئۇلارنىڭ بۆگۈر، ھۇن، سىقار ھەم قىبئار قاتارلىق ئالتە قەبىلە بىلەن مەلۇم قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولسىمۇ لېكىن ئۇيغۇرلار ئۇلارنى ئۆز ھېسابىغا كىرگۈزمەيدۇ» دەپ قوشۇمچە قىلغان. بۇنى مۇنداق پەرەز قىلىش مۇمكىن،

ئۇيغۇرلار تازا قۇدرەت تاپقان مەزگىلدە باشقا ئىرقتىكى بارلىق قەبىلىلەرنى باشقۇرغان ھەمدە قارلۇق ۋە باسمىللارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇلارنى قوشقاندا بۇ سان 17 چىقىدۇ.

تىبەت توغرىسىدىكى بايانلار گەردىزىنىڭ ھەم «ھۇدۇدۇل ئالەم» دىكى بايانلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، تىبەتنىڭ نەق ئۆزىنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تىبەتلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. تىبەتلەر بۇ رايونغا 670 ـ يىلدىن 692ـ يىلغىچە ھەم 790 ـ يىلدىن 850 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بىرمەھەل ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى.

## تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت

مەشھەدتىن تېپىلغانقوليازمىدا بايقالغان ئەڭ يېڭى مەلۇمات — قاغاننىڭ تاڭ پادىشاھلىرى بىلەن قۇدىلاشقانلىقى ۋە تاڭ پادىشاھىنىڭ ئۇلارغا ھەريىلى يىپەك ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتتۇر. بۇ ئېنىقكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تازا كۈچىيىپ تاڭ سۇلالىسىگە تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسىگە يەتكەن ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. بايانچۇر قاغان تاڭ سۇلالىسىگە ھەمكارلىشىپ ئەن لۇشەن توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، بۇ تۆھپىسى شەرىپىگە تاڭ پادىشاھىنىڭ قىزى نىڭگو مەلىكىنى خوتۇنلۇققا ئالغان. نىڭگو مەلىكە بايانچۇر قاغان ئۆلگەندىن كېيىن (759 ـ يىلى) تاڭ دۆلىتىگە قايتىپ كەتكەن. يۈڭۋاڭنىڭ نىڭگو ئاتلىق يەنە بىر مەلىكىسى 3 ـ ئەۋلاد قاغان ئۆگەيگە ياتلىق بولۇپ، چارۋىچى قەبىلىلەر ئارىسىدا تۇرۇپ قالغان. 788 ـ يىلى شيەن ئەن مەلىكە 4ـ ئەۋلاد قاغانغا ياتلىق بولدى. ئۇ يەنە 5ـ 6ـ، 7ـ ئەۋلاد قاغانلارغىمۇ داۋاملىق خانىش بولدى. ئۇ يايلاقتا 21يىلنى ئۆتكۈزۈپ 808 ـ يىلى ئۆلدى. 821 ـ يىلى 10 ـ ئەۋلاد قاغانغا تەيخې مەلىكە سوغات قىلىندى. ئۇ ئۇيغۇرلار 840 ـ يىلى تالاپەتكە يولۇققىچە شۇ جايدا ياشاپ، نۇرغۇن كۈلپەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، 843 ـ يىلى تاڭ دۆلىتىگە قايتىپ كەتتى.

ئۇيغۇرلارغا يىپەك سوغا قىلىشمۇ ئۇزۇلمەي داۋاملاشتى. 762 ـ يىلى تاڭ ئەلچىسى ئۇيغۇر قاغانغا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يىپەك بۇيۇملىرىنى

يىلمۇيىل يەتكۈزۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتكەن. 758 ـ يىلدىن 760 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرلار نۇرغۇن ناچار ئاتنى يۆتكەپ كېلىپ، ھەربىر ئاتقا 40 توپ يىپەك تېگىشىش شەرتى بىلەن سودا قىلىپ نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكەن. 758 ـ يىلى ئۇيغۇرلار 10 مىڭ ئات ئەكىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنى قىيىن ئەھۋالدا قويغان. پادىشاھ پەقەت 6000 ئاتقىلا يىپەك تاپشۇرالىغان. 11ـ ئەۋلاد ئۇيغۇر قاغانى تاڭ پادىشاھى ۋېنزۇڭدىن 500مىڭ توپ يىپەك تاپشۇرۇۋالغان.

بۇ رېئاللىق تەمىنىڭ بايانلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى يەرلىك سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە قېلىپ قالغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن قۇدىلاشقانلىقىغا دائىر مەلۇمات يوق. 996 ـ يىلى ئىدىقۇت خانى قىتان خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، قۇدىلىشىپ ئىتتىپاق تۈزۈشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن.

يۇقىرىقى تەھلىللىرىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەمىم ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇنغا بارغان ۋە بۇ ھەقتە خاتىرە قالدۇرغان بىردىنبىر مۇسۇلمان ساياھەتچىسىدۇر.

5) خۇلاسە

تەمىم تىلغا ئالغان مۇساپە مۇجمەل بولسىمۇ، بىراق 40 — 45 كۈن يول يۈرۈش ياكى 90 كۈن يول يۈرۈش ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مەسىلە. بۇ مۇساپە بېشبالىق بىلەن تۆۋەنكى بارسخان ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقتىن كۆپ ئۇزۇن بولۇپ، مۇشۇنچىلىك ۋاقىتتا قارابالغاسۇندىن بارسخانغىلا ئەمەس بەلكى تۆۋەنكى بارسخانغىمۇ يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.

قارابالغاسۇن مەڭگۇ تېشىنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، 9ـ ئەۋلاد ئۇيغۇر قاغانى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىنى سىردەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمى ھەم پەرغانىگىچە كېڭەيتىپ، قارلۇقلارنى بويسۇندۇرغان ھەمدە ئۇلارغا يېڭى يابغۇ تەيىنلىگەن. تەمىمنىڭ 821 ـ يىلى كىماكلارنى

توققۇزئوغۇزلارنىڭ شىمالىدا، دېيىشى شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ تاكى تۆۋەنكى بارسغانغىچە كېڭەيگەنلىكىنى تىلغا ئالغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇ بولسا كېرەك.

توققۇز ئوغۇز نامى ئەڭ دەسلەپ ياقۇبىنىڭ خاتىرىسىدە تىلغا ئېلىنغان. 777 ـ يىلى خەلىپە مەھدى شەرق ھۆكۈمرانلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىگە بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلغان. شۇلار قاتارىدا «. . . قارلۇق پادىشاھى، يابغۇ، تۈرك پادىشاھى، تارخان، تىبەت پادىشاھى، ياھرۇن، چىن پادىشاھى، توققۇز ئوغۇز قاغانى، قاغان »قاتارلىق ئەمەلناملىرى تىلغا ئېلىنغان. توققۇزئوغۇزلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى قاغان دەپ ئاتىلاتتى. قاغان يابغۇ ۋە تارخاندىن كۆپ ئۈستۈن تۇراتتى. ئەرەبلەر مۇبالىغە قىلمىغان بولسىلا، بۇنام شەكسىز ئورخۇندىكى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەمدىلا مانى دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى نەزەرگە ئالساق، مەھدىنىڭ تەلىپى تېخىمۇ چەكتىن ئاشقان بولىدۇ. مەھدى مانى دىنى مۇرتلىرىغا رەھىمسىزلەرچە مۇئامىلە قىلغان. ھەمدە 785 ـ يىلى ئۇلار ئۈستىدىن ئالاھىدە نازارەتچىلەرنى قويغان. شۇڭا تەمىمنىڭ مەھدىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ساياھەت قىلغانلىقىدەك پەرەزدىن گۇمانلىنىش ھاجەتسىز.

«ئەل فىھرىست»نىڭ ئاپتورى «مانى مۇرتلىرى سەمەرقەنتتە 500گە يەتكەندە خۇراسان ھۆكۈمرانى ئۇلارنى يوقىتىشنى قەستلەيدۇ. بىراق چىن پادىشاھى (مەن بۇنى توققۇز ئوغۇز پادىشاھى دەپ قارايمەن) ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدا ئاشۇ مانى مۇرتلىرىدىنمۇ كۆپ مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىقىنى ئىما قىلىش بىلەن ئاگاھلاندۇرغان» لىقىنى بايان قىلىدۇ.

مۇشۇنداق بولغاندا تەمىمنىڭ ساياھىتى 821 ـ يىلدىن 824 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان 9 ـ ئەۋلاد ئۇيغۇر قاغانى چۈڭدې مەزگىلىدە بولغان بولىدۇ.

بىزنىڭ يۇقىرىقى تەھلىللىرىمىزنىڭ ھەممىسى ماركۋارتنىڭ توققۇز ئوغۇزلار ئۇيغۇرلاردۇر، دېگەن يەكۈنىنىڭ كۈچەيتىلمىسىدىن ئىبارەت خالاس. بىراق بۇ يەكۈن بارتولدنىڭ توققۇز ئوغۇزلار شاتو

تۈركلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەن پىكىرگە زىت كېلىدۇ. توققۇز ئوغۇز نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئېنىق ئەمەس، بىراق بۇ نامىنىڭ ئۇرخۇندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق.

① «مەرۋىزىنىڭ جۇڭگو، تۈركلەر ۋە ھىندىستان توغرىسىدىكى بايانلىرى»، پادىشالىق ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى، 1942 - يىللىق سان، 68 ~ 111 - بەتكىچە.
② گىبىنىڭ «ئەرەبلەرنىڭ 715 - يىلدىكى قەشقەرگە تاجاۋۇزى» ناملىق ئەسەرىگە قارالسۇن.
③ بۇ سۆز قۇدامەنىڭ ئەسىرىدە «kwykt» دەپ يېزىلغان.
④ مۇشۇ يەردە تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن ئېلىنغان نەقىللەر ئاخىرلىشىدۇ.
⑤ بۇ يەردە مۇجمەللىك بار، ئەسلىدە توققۇز ئوغۇزخانى جۇڭگوغا ئەمەس بەلكى ماۋەرائۇننەھرگە لەشكەر تارتقان. ئەبۇل فازىل بۇ ئىشنى 751 - يىلى تالاس ۋادىسى ... بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويغان.
⑥ بۇ بەلكىم «Adhkish - ئەزكىش» بولۇشى مۇمكىن.
⑦ بۇ بەلكىم «مەجغارى» بولۇشى مۇمكىن.

ۋىلادىمىر مىنورىسكىنىڭ «ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تۈركلەر، ئىرانلىقلار ۋە كاۋكازىيىلىكلەر» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىنىڭ 1978 - يىلدىكى ئىنگلىزچە نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادىل ئابدۇقادىر، ئۆمەرجان نۇرى
تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئۇرخۇن

(بېشى 25 - بەتتە)

كەينىمىزدىن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى قوغلاپ كەلدى. ئالدىمىزدىن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇرۇمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ خەنزۇ، ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن زەربىدار ئەترەت توستى. 2 پىلىموت، ئازغىنە مىلتىق بىلەن قارشىلىشىپ باققان بولساقمۇ، قورشاۋدا قېلىپ ئاخىرىدا 250 دەك ئادەم ئەسىرگە چۈشتۇق. ئاشۇ زەربىدار ئەترەتتە سوپاخۇن سۇۋۇروف دېگەن بىر كىشى بار ئىكەن. ھەربىي سوراقتا ئۇ بىزگە خەنزۇچە تەرجىمانلىق قىلىپ بەردى. ئارىمىزدىن مۇئاۋىن پەيجاڭدىن يۇقىرى 30 دەك ئوفىتسېرنى ئايرىم تاللاپ ئېلىپ كەتتى (ئارىمىزدىن بىر كىشى باسمىت قارى بىلەن تالىپنى چېقىپ قويغانلىقتىن، ئۇلارنى قولىغا كويزا سېلىپ ئايرىم ئېلىپ ماڭدى). بىزنى ئاقسۇ كوناشەھەر (ئونسۇ) گە ئاپىرىپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇردى. شۇ چاغدا ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىگە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن تەرەققىيپەرۋەر زات كامال ئەھمىدى دېگەن كىشى ھاكىم ئىكەن. ئۇ كىشى بىزگە بىر ئايغىچە سىياسىي تەربىيە بېرىپ ئاندىن كىيىم-كېچەك، قۇيۇش، مەكتەپ سېلىش ئىشلىرىغا سالدى. ئاندىن ھەر بىرىمىزگە كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە، 20 سەردىن كۈمۈش تەڭگە بېرىپ قويۇپ بەردى. دەسلەپتە ئاقسۇ كوناشەھەردە ئولتۇراقلىشىپ كېيىنچە يەنى 1952 - يىلى ئاقسۇ شەھىرىگە كۆچۈپ چىقىپ شۇ يەردە ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ تۇرۇپ قالدىم.

كېيىن ئاڭلىسام شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى ھېلىقى ئايرىم ئېلىپ كېتىلگەن 30 دەك ئوفىتسېرنى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ سېپىل ئىچىنىڭ غەربىي - جەنۇب تەرىپىدىكى تام تۈۋىگە (ھازىرقى ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ) ئورا كولاپ تىرىك كۆمۈپتۇ، كۆمۈشتىن ئاۋۋال باسمىت قارى بىلەن تالىپنى تۈۋرۈككە باغلاپ ئوفىتسېرلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ تىرىك سويۇپتۇ. شۇ قېتىم تىرىك كۆمۈلگەنلەردىن ئايكۆللۈك ھوشۇر، مارالبېشىلىق ھامۇت، يېڭىسارلىق مامۇتلار ئورەكنىڭ ئۈستىگىرەك كۆمۈلگەچكە، توپىنى تاتىلاپ ئېچىپ قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. بولغان ئىشلارنى مەن شۇلاردىن ئاڭلىدىم. كېيىن بىر ئىش بىلەن ئاۋاتقا بېرىپ ئاڭلىسام تار جىلغىسىدا ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى كۆمۈكسىز قاپتۇ، 70 - يىللاردىمۇ ئىسكىلىتلارنىڭ ئوچۇق يېتى تۇرغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرېھىم ياقۇپ

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭغا دائىر خەنزۇچە تارىخ ـ تەزكىرە ئەسەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش

پولات ھىمىت، جەمىلە ئابلا

(ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىدىن)

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى موڭغۇللار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، بىر تۇتاش موڭغۇل ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن بۇ رايونلاردىكى ئايرىم سىياسىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ قاتناش، سودا ـ سېتىق، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى مونوپول قىلىۋېلىش ئىشىغا خاتىمە بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىچكى رايونلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ باشقا سۇيۇرغاللىق زېمىنلىرى (ئوكتاي ئۇلۇسى، چاغاتاي ئۇلۇسى، جوجى ئۇلۇسى) ئوتتۇرىسىدا قويۇق سودا ـ سېتىق، مەدەنىيەت ئالاقىسى ئورنىتىلدى. ھەرخىل دىن، ھەرخىل مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشى ۋە يۇغۇرۇلۇشى تېزلەشتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولغان غەربىي يۇرت (شىنجاڭ) قا كەلگەن ۋە ئەلچىلىككە كەلگەن ھەرخىل سالاھىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرى، ئەسلىمىلىرى ئۆز دەۋرىدىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ۋە ھۆكۈمەت كىتابلىرىنىڭ ئەتراپتىكى مىللەتلەر توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرىنىڭ خام ماتېرىيالى بولۇپ خىزمەت قىلغان بولسا، بۇ ماتېرىياللار بۈگۈنكى كۈندە ئەينى دەۋردىكى غەربىي يۇرتنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيالغا ئايلىنىپ قالدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان غەربىي يۇرتقا دائىر ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسى ساياھەت خاتىرىلىرى بولۇپ، ھەجىم جەھەتتە ئانچە كۆپ ئەمەس، مۇنتىزىم سىستېمىغىمۇ ئىگە ئەمەس.

بىراق بۇ دەۋر (12 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە) شىنجاڭدا ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنى ئوتتۇرىسىدىكى تىركىشىش داۋاملىشىۋاتقان، تىنىمسىز ئۇرۇشلار يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتقان قالايمىقان دەۋر بولغىنى ئۈچۈن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەر دىنىي ئۆچمەنلىك تۈپەيلىدىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. يەنە بىر تۈركۈم ۋەسىقىلەر ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ۋەيران بولدى. شۇ سەۋەبلىك، مۇشۇ 2 ـ 3 ئەسىرلىك دەۋر نىسپىي قاراڭغۇ دەۋر بولۇپ قالدى. شۇڭا، بۇ دەۋردىكى غەربىي يۇرت تارىخىنى يورۇتۇشتا خەنزۇ تىلىدىكى ساياھەت خاتىرىلىرىگە مۇراجىئەت قىلماي مۇمكىن ئەمەس.

1358 ـ يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن موڭغۇللارنىڭ بىر تۇتاش ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى. شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئۆز ئىچىدىكى ئىچكى نىزا، ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى. قۇمۇل، تۇرپان، قاراشەھەرلەرنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان



چاغاتاي ئەۋلادلىرى ھەتتا پات ـ پات ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە پاراكەندىچىلىك سېلىشقا باشلىدى. ئەمدىلا موڭغۇللارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەۋاتقان مىڭ سۇلالىسى چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياڭگۇەن قوۋۇقىنى تاقاشقا مەجبۇر بولدى. شۇ سەۋەبلىك خەنزۇچە مەنبەلەردىكى غەربىي يۇرتقا دائىر بايانلار ئازىيىشقا باشلىدى.

1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا ۋەزىپە ئۆتىگەن ئەمەلدارلار ۋە باشقا قەلەم ئىگىلىرىنىڭ شىنجاڭغا بېغىشلانغان تارىخ، تەزكىرە ۋە ساياھەت خاتىرىلىرى سان، سۈپەت، ھەجىم جەھەتتە ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇ دەۋردە تۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھۆكۈمەت كىتابى بولۇپ، مۇنتىزىم سىستېمىغا ئىگە، مول بىۋاسىتە ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل شىنجاڭدا ئىسلام دىنى ئاللىقاچان ئومۇملىشىپ بولغان، ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى خېلى مۇنتىزىم ئاساسقا ئىگە بولغان دەۋر بولغاچقا، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ نۇرغۇن تارىخ ـ تەزكىرە كىتابلىرى يېزىلدى ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى ئەسەرلەر كۆپلەپ تەرجىمە قىلىندى. بىراق بۇ خىلدىكى تارىخ ـ تەزكىرىلەر تېخى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشمىگەنلىكى سەۋەبلىك، خەنزۇچە مەنبەلەر يەنىلا ئۆزىنىڭ زور 1 ـ قول ماتېرىياللىق قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

تۆۋەندە مۇشۇ خىلدىكى، XV، XVIII ۋە XIX ئەسىرلەردە يېزىلغان، شىنجاڭغا دائىر خەنزۇچە تەزكىرىلەردىن بىرقانچىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆز تەسىرىنى كۈچەيتىش، قۇدرەتلىكلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىش، غەربىي يۇرتتىكى ئەللەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ئۈچۈن، 1414 ـ يىلى يارلىق چۈشۈرۈپ ئەمەلدار چېن چېڭ بىلەن لى شيەنلەرنى غەربىي يۇرتقا ئەۋەتتى. بۇ ئىككىسى شەنشىنىڭ سۇجۇدىن يولغا چىقىپ، سەمەرقەنت، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى ھىرات، بەلخ، تېرمىز، شاھرۇخىيە، سايرام، كېش، بېشبالىق، خوتەن، تۇرپان، يەكەن، قوچۇ، لۈكچۈن، قۇمۇل، تاشكەنت، بۇخارا قاتارلىق جايلارغا بارغان. ئۇلار سەپەر جەريانىدا كۆرگەن تاغ ـ دەريالار، ئىقلىم، تەبىئىي شارائىت، كىشىلىك مۇناسىۋەت، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، شەھەر ـ يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش، جەمئىيەت ئەھۋالى، قەدىمىي يادىكارلىقلار، ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى، ھەرقايسى مىللەت ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇزىتىش ئەھۋاللىرىنى خاتىرىلەپ، «غەربىي يۇرتقا سەپەر» دېگەن كىتابنى، ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىشى، تارىخىي تەرەققىياتى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، يەرلىك مەھسۇلاتلىرى، يېمەك ـ ئىچمەك، ئۆي ـ جايلىرى، دىنىي ئېتىقادى، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى، مەنزىرىلىك جايلىرى قاتارلىقلارنى خاتىرىلەپ «غەربىي يۇرتتىكى بېقىندى ئەللەر تەزكىرىسى» دېگەن كىتابنى يازدى.

«غەربىي يۇرتقا سەپەر» دېگەن كىتاب بىلەن «غەربىي يۇرتتىكى بېقىندى ئەللەر تەزكىرىسى» دېگەن كىتاب 1416 ـ يىلى يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن. بۇ ئىككى كىتابنىڭ 1937 ـ يىلى دۆلەتلىك بېيپىڭ كۈتۈپخانىسى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوليازما ئاساسىدا نادىر كىتابلار مەجمۇئەسىنىڭ 1 ـ توپلىمىغا كىرگۈزگەن فوتو نەشرى نۇسخىسى بىلەن «ئىلىم دېڭىزىدىن توپلام» غا كىرگۈزۈلگەن نۇسخىلىرى بار. «غەربىي يۇرتتىكى بېقىندى ئەللەر تەزكىرىسى» دېگەن بۇ كىتابنىڭ «غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دېگەن يەنە بىر نامىمۇ بار.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ يىللىرىدا، شىنجاڭدىكى غەليانلار تىنچىتىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنى قايتىدىن مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىپ، جاڭجۇن، باشبۇغ، مەسلىھەتچى قاتارلىق ئەمەل ـ مەنسەپلەرنى تەسىس قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. 1763 ـ يىلى فۇخېڭ قاتارلىقلار يارلىققا بىنائەن بېقىندى خەلقلەر تىللىرىنى تەكشۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ يەر ـ جاي ۋە تاغ ـ دەريا ناملىرى، ئادەم

ئىسىملىرىنى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىلىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقتى. لېكىن تەرجىمىسى بىلەن ئەسلىسى ئوتتۇرىسىدا پەرق چوڭ بولدى. بۇ كىتاب جەمئىي 24 جىلد، ئۇنىڭ چيەنلۇڭ 28 - يىلى ۋۇيىڭ قەسرى نۇسخىسى، «تۆت كىتاب خەزىنىسى» نۇسخىسى ۋە 1984 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىدا كۆپەيتىلگەن «مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر مەجمۇئەسى» قاتارلىق نۇسخىلىرى بار. كىتابتىكى مەزمۇنلار شىنجاڭ (تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى)، چىڭخەي، شىزاڭ رايونلىرىغا چېتىلىدۇ ھەم يەر ناملىرى، تاغ ناملىرى، دەريا - ئېقىن ناملىرى، ھەرقايسى ھۆكۈمرانلار ئىسىملىكىدىن ئىبارەت 4 تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ماتېرىياللار مانجۇ، خەنزۇ، موڭغۇل، تىبەت، تود (جۇڭغار قەبىلىسى ۋە شىنجاڭدا ئىشلىتىلىدىغان موڭغۇلچە)، ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت 6 خىل تىل - يېزىقتا بېرىلگەن ھەم خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بېرىلگەن، سۆزلەرنىڭ مەنىسى، جايلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ۋە ئادەملەرنىڭ تەرجىمھالى خەنزۇچە چۈشەندۇرۇلگەن.

1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلار مەھكىمىسىنىڭ دىۋان بېگى يۈڭ گۈي خىيانەتچىلىك جىنايىتى بىلەن شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇ شىنجاڭدا تۇرغاندا كۆرگەنلىرىدىن خاتىرە قالدۇرغان، لېكىن كىتاب قىلىشقا ئۇلگۈرەلمەي يارلىققا بىنائەن ئىچكىرىگە قايتىپ كەتكەن. 1769 - يىلى سۇردې (مانجۇ) قەشقەرگە ئامبال بولۇپ كېلىپ، يۈڭ گۈي يېزىپ قالدۇرغان ماتېرىياللار ئاساسىدا، ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ماتېرىيال توپلاپ، رەتلەپ، 1772 - يىلى 4 جىلدلىق «مۇسۇلمانلار يۇرتى تەزكىرىسى» نى يازغان. بۇ كىتابنىڭ «شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى تەزكىرىسى» دېگەن يەنە بىر نامىمۇ بار، ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ 37 - يىلىدىكى كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى، تەيبېي «جۇڭگو چېگرا رايونلار مەجمۇئەسى» نۇسخىسى، مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىنىڭ 1983 - يىللىق كۆپەيتىلمە نۇسخىلىرى بار. كىتابنىڭ 1 - جىلدىدا ئوردا تەرىپىدىن تىكلەنگەن ئابىدىلەر، مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ خەرىتىسى، كالىندارچىلىقى، جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، تاغ - دەريالىرى، شەھەر - قەلئەلىرى سۆزلەنگەن. 2 - جىلدتا مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ دىن، ئۆرپ - ئادەت، ماددىي مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقا ئەبجەش مەزمۇنلار سۆزلەنگەن. 3 - جىلدتا مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئەمەل - مەنسەپ تۈزۈمى ۋە نوپۇسى خاتىرىلەنگەن. 4 - جىلدتا مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ باج - سېلىق، پۇل - پۇچەك، قانۇن - تۈزۈملىرى، قاراۋۇلخانىلار، پوچتا ئۆتەڭلىرى ۋە چەت ئەللىكلەرگە ئائىت ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن.

1756 - يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ يارلىقىغا ئاساسەن فۇخېڭ، ليۇ توڭشۈن قاتارلىقلار غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» دېگەن كىتابنى تۈزۈشكە باشلىغان، 1777 - يىلى يىڭ جيەن، يۈ مىنجۇڭلار يارلىققا بىنائەن بۇ كىتابنى تولۇقلاپ تۈزۈپ، 1782 - يىلى پۈتتۈرگەن. بۇ كىتابنىڭ تولۇق نامى «خان بېكىتكەن پادىشاھلىق زېمىن غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» دىن ئىبارەت. ئۇنىڭ چيەنلۇڭ 21 - يىلىدىكى (1756 - يىلى) دەسلەپكى ئويما نۇسخىسى، چيەنلۇڭ 47 - يىلىدىكى (1782 - يىلى) ۋۇيىڭ قەسرىدە ساقلانغان نۇسخىسى، گۇاڭشۈ 19 - يىلى (1893 - يىلى) ۋە 29 - يىلىدىكى (1902 - يىلى) تاش باسما نۇسخىسى ھەم مىنگو دەۋرىدىكى قوغۇشۇن باسما نۇسخىلىرى بار. كىتاب 48 جىلد، ئۇنىڭدىن باشقا 4 جىلدلىق مۇقەددىمىسى بار، ئۇنىڭغا چىڭ گاۋزۇڭنىڭ غەربىي يۇرت توغرىسىدىكى شېئىرلىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىك جەريانى كىرگۈزۈلگەن. 1 -، 2 -، 3 - جىلدلارغا 12 پارچە خەرىتە كىرگۈزۈلگەن؛ 4 -، 5 - جىلدقا غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك تەرەققىياتى جەدۋەللەشتۈرۈلۈپ بېرىلگەن. 6 - دىن 19 - گىچە بولغان 14 جىلدقا ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئورنى، ئەمەل - مەنسەپلەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان، ئىلگىرى يېزىلغان تارىخىي كىتابلاردىكى بەزى خاتالىقلارغا تۈزىتىش بېرىلگەن؛

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

20 - دىن 28 - گىچە بولغان 9 جىلدتا تاغ - دەريالار، جايلارنىڭ يەر شەكلى، يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى بايان قىلىنغان؛ 29 - دىن 36 - گىچە بولغان 8 جىلدتا ئەمەلدارلىق تۈزۈمى، ھەربىي مۇداپىئە، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرى، ئالۋان - سېلىق، غەللە - پاراق، مەكتەپ ئېچىش ئەھۋاللىرى، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن دەسلەپكى مەزگىللەردىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان؛ 37 -، 38 - جىلدلاردا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆيرات موڭغۇللىرىنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىگە بەرگەن ئىنئاملىرى، ئۇلتۇراقلاشتۇرۇش ئەھۋاللىرى بايان قىلىندى-غان. 39 - دىن 48 - گىچە بولغان 10 جىلدقا ئۆرپ - ئادەت، مۇزىكا، كىيىم - كېچەك، يەرلىك مەھسۇلاتلار، قارام ئەللەر، ئەبجەش خاتىرىلەر كىرگۈزۈلگەن، ئۆيرات موڭغۇللىرىدىن بولغان جۇڭغار قەبىلىسى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدە ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە مەدەنىيىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋاللىرىمۇ بايان قىلىنغان. كىتابتا ئارخىپ، ماتېرىياللار، كلاسسىك ۋەسىقىلەردىن نەقىل ئېلىنغاندىن سىرت، ئۆزىنىڭ يەنە جيايۇگۇەننىڭ سىرتىدىن شىنجاڭنىڭ چېگرا ياقىسىدىكى جايلارنى تەكشۈرۈش، ئۆلچەش ئەھۋاللىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتاب «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن تەزكىرىسى» نىڭ شىنجاڭ قىسمىنى تەشكىل قىلغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ يىللىرىدا ئۆتكەن خېنىڭ 1804 - يىلى «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دېگەن كىتابنى يازغان. كىتابنىڭ 1925 - يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى نەشر قىلدۇرغان قوغۇشۇن باسما نۇسخىسى، تەيبېي ۋېنخەي نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان «جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىغا دائىر مەجمۇئەلەر» گە كىرگۈزۈلگەن فوتو نەشرى نۇسخىلىرى بار. بۇ كىتاب جەمئىي 12 جىلد، 1 - جىلدتا چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭنى تىنچىتىش ئەھۋالى، ئاساسلىق جەڭلەر ۋە مەدھىيە شېئىرلىرى خاتىرىلەنگەن؛ 2 - جىلدتا قۇمۇل مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە ئەبەيدۇللانىڭ تەرجىمىھالى خاتىرىلەنگەن؛ 3 - جىلدتا تۇرپان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن؛ 4 -، 5 -، 6 - جىلدلاردا مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى ھەرخىل فامىلىلىك 21 ئادەمنىڭ تەرجىمىھالى، ئاخىرىدا تۇرغۇت موڭغۇللىرىنىڭ بويسۇندۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى مەدھىيىلەر، تۇرغۇت موڭغۇللىرىغا غەمخورلۇق قىلغان ۋە نەپىقە بەرگەن ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن؛ 7 - دىن 11 - گىچە بولغان 5 جىلدقا قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى، زېمىنى، تاغ - دەريالىرى، تەشكىلىي تۈزۈلۈشى، ئاسار ئەتىقىلىرى، ئەمەلدارلىق تۈزۈمى، ھەربىي مۇداپىئە، ھەربىي قورال - ياراغ، ھەربىي ئاشلىق، باج - سېلىق، پۇل - پۇچەك، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى، قورۇل، ھەربىي رابات، مۇسۇلمانلار ئىشلىرى ھەمدە بۈيرۇتلارنىڭ ئەھۋاللىرى خاتىرىلەنگەن. 12 - جىلدتا مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى، خۇيزۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە ماددىي مەھسۇلاتلىرى خاتىرىلەنگەن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن چى يۈنشى 1807 - يىلى «غەربىي چېگرا ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات» دېگەن كىتابنى يازغان. كىتابنىڭ «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات» دېگەن يەنە بىر ئاتىلىشىمۇ بار. بۇ كىتاب 4 جىلد، 1 - جىلدتا جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ يەر شەكلى، تاغ - دەريالىرى، قورۇل، ھەربىي رابات قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن، 2 - جىلدتا شىنجاڭدىكى ئۆتەڭ - قەلئەلەر، ھەربىي ئەمەل - مەنسەپ، ئەسكەر سانى قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن؛ 3 - جىلدتا ئىلىدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشى، ھەربىي مەشىق ۋە چارۋىچىلىق قىلىش ئەھۋاللىرى خاتىرىلەنگەن؛ 4 - جىلدتا تۇرغۇت، قازاق، بۈيرۇتلارنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئۆيراتلارنىڭ كونا ئۆرپ - ئادەتلىرى، قوقانلىقلار، موڭغۇللار ۋە

www.uyghurkitap.com

خۇيزۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شۇ سۇڭ شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1821 - يىلى «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» دېگەن كىتابنى يازغان، بۇ كىتاب 5 جىلد، ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈشىگە ئاساسلىنىپ، نۇرغۇن قەدىمكى ۋەسىقە، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا دائىر كىتابلاردىكى ئالاقىدار خاتىرىلەردىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ (ھازىرقى جىيايۇگۈەننىڭ غەربى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا تەۋە جايلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ يېزىپ چىققان. 1 -، 2 - جىلدتا لوپنۇر كۆلىگە دائىر ئەھۋاللار ھەم لوپنۇر كۆلىگە مۇناسىۋەتلىك 8 پارچە سۇ يوللىرى خەرىتىسى قوشۇمچە قىلىنغان؛ 3 - جىلدتا قاراكۆل (ھازىرقى دۇنخۇاڭنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قاراكۆل)، بارىكۆل، ماناس كۆلى، ئېبنۇر كۆلى قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن ۋە 5 پارچە خەرىتە قوشۇمچە قىلىنغان؛ 4 - جىلدتا بالقاش كۆلىنىڭ سۇ سىستېمىسىغا دائىر ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن ۋە 3 پارچە خەرىتە كىرگۈزۈلگەن؛ 5 - جىلدتا سايرام كۆلى، ئىسسىق كۆل، ئارال كۆلى، بۇرۇلتوقاي كۆلى، زايسان كۆلىگە دائىر ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن ۋە 8 پارچە خەرىتە كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابتا 11 چوڭ كۆل ئاساس قىلىنىپ، جىيايۇگۈەننىڭ غەربى ۋە شۇ دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ سۇ سىستېمىسى بايان قىلىنغان ھەمدە دەريا بويلىرىدىكى يېزا - كەنتلەر، ھەربىي رابات، قورۇل، كان ۋە مىللەتلەر قوشۇمچە خاتىرىلەنگەن.

قىسقىسى، يۇقىرىدىكى 8 كىتابتا شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا، جىيايۇگۈەننىڭ شىمالىدىكى جايلارنىڭ 1416 - يىلدىن 1821 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، مىللەت - دىن، ھەربىي ئىشلار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق، سودا - سېتىق، قاتناش، مېتېئورولوگىيە، شەخسلەر تەرجىمىھالى، باج - سېلىق، نوپۇس، ماددىي مەھسۇلات ئەھۋاللىرى، بۇ رايونلاردىكى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ، ئۇيرات، ئۆزبېك، تۇرغۇت، بۇيرۇت قاتارلىقلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچىكى، تۇرالغۇلىرى، تىل - يېزىق ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان. بۇ كىتابلار مۇشۇ جايلارنىڭ شۇ دەۋردىكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

(بېشى 56 - بەتتە)

جەستىنى ئېلىپ چېگرىدىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

1921 - يىلى سېنتەبىردە قاسىمخان چانىشېۋ بىلەن مەھمۇت غوجامىياروفلار موسكۋاغا چاقىرتىلىدۇ. پۈتكۈل ئىتتىپاق ئالاھىدە كومىتېتى بۇ ئىككەيلەنگە «ئاق گۋاردىيىچىلەر ئۈۋىسىنى بىتچىت قىلىشتا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقلىرى ئۈچۈن» دېگەن ئالىي مۇكاپات (ئالتۇن سائەت) نى بېرىدۇ.

تاتار، ئۇيغۇر، قازاق خەلقلىرىنىڭ ياش سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇنىڭدىن 70 يىل ئىلگىرى كۆرسەتكەن بۇ ئۇلۇغ تۆھپىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخى سەھىپىسىدە مەڭگۈ خاتىرىلىنىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# ئالتەشەھەر خاتىرىلىرى

چوقان ۋەلىخانوف

**1. ئالتەشەھەر (قەشقەرىيە) نىڭ قىسقىچە ئەھۋالى**

ئالتەشەھەر — ئۈچ تەرىپى ئېگىز تاغ ـ داۋانلار بىلەن ئورالغان، بىر تەرىپى يەنى كۈنچىقىش تەرىپى چوڭ چۆللۈككە تۇتىشىدىغان بىر قۇملۇق زېمىن. چېگرىداش تاغلار ئىچىدە تەڭرىتاغنىڭ قاتنىشى نىسبەتەن قولايلىق بولۇپ، بۇ تاغ ئارقىلىق ئالتەشەھەرگە ئۆتكىلى بولىدىغان ئۈچ يول بار. تەڭرىتاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشىدىغان نۇرغۇن ئېقىنلار بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى چۆللەرگە سىڭىپ كەتسە، يەنە بىر مۇنچىسى تارىم دەرياسىغا قوشۇلۇپ، ئاخىرى لوپنور كۆلى (يۇلتۇزلۇق دېڭىز) گە بېرىپ قۇيۇلىدۇ. ئەگەر بۇ دەريالار بولمىغان بولسا، بۇ چۆللۈكتە ئادەم ياشىمىغان بولاتتى. بۇ يەرنىڭ خەلقى مۇشۇ دەريالارنىڭ سۈيىدە زىرائەت تېرىپ، تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن.

بۇ دەريالار ئىچىدە پەقەت تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىدىلا كېمە قاتنىيالايدۇ. ئىچكى جۇڭگودىن ئالتەشەھەرگە تۇتاشقان بىرلا يول بولۇپ، بۇ يول تۇزلەڭلىكتىن ئۆتىدۇ، يولدا تاغ ـ داۋانلار يوق، يول بويىدا ئاھالىلەرمۇ بار.

ئالتەشەھەرنىڭ ھاۋاسى ئىللىق بولۇپ، سىرتتىن كەلگەنلەرگىمۇ پايدا قىلىپ مىجەزى ئوڭشىلىپ قالىدۇ. قىش پەسلى قىسقا، تۇزۇك قار ياغمايدۇ. بۇ يۇرتلارنىڭ كان بايلىقلىرى تەكشۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئالتۇن، مىس كانلىرى ئېچىلدى. گۈڭگۈرت، نۇشۇدۇر، سېلىترالارنىڭ زاپىسى كۆپ، يەنە باشقا يۇرتلاردىن تاپقىلى بولمايدىغان شەرق يەشمىسىمۇ (كۋارتسنىڭ بىر خىلى) چىقىدۇ.

ئالتەشەھەردە ئۈزۈم، پاختا، ئاشلىق قاتارلىق زىرائەتلەر كۆپ تېرىلىدۇ. دەريا بويلىرىدا كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەر، تاغلىرىدا يىڭنە يوپۇرماقلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ.

ئالتەشەھەر خەلقىنىڭ نوپۇسى 580 مىڭ كىشىگە يېقىنلىشىدۇ. شەھەرلەرنى ئېگىز سېپىللار ۋە سېپىل سىرتىدىكى چوڭقۇر خەندەكلەر قورشاپ تۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىمۇ توپا تام قۇرۇلمىلىق قىلىپ سېلىنىدۇ. شەھەرلەر ئاساسەن بىر-بىرىگە ئوخشىشىدىغان بولغاچقا، كىشىنى جەلپ قىلالمايدۇ.

ئالتەشەھەرنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ئەڭ دەسلەپتە مەجۇسىي ئىدى، كېيىن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، 14 ـ ئەسىردىن كېيىن ئۆزىنى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى دەپ ھېسابلايدىغان خوجىلار كېلىپ بۇ يۇرتنى ئىسلامغا كىرگۈزگەن. ئەمما ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتەلمىگەن. مەسىلەن: قەشقەرىيەدە ئاياللارغا تولۇق ئەركىنلىك بېرىلگەن. خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى تەسىرى ھازىرمۇ كۈچلۈك. خوجىلار ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق دەپ بىر-بىرىگە دۈشمەن ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەچكە، پۇرسەتتىن پايدىلانغان جۇڭغارلار 1750 ـ يىلى قەشقەرنى ئىستىلا قىلغانىدى. ئەمما جۇڭغارلارمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي (1758 ـ يىلى) خوجىلارغا ئوخشاش يېڭىدىن بېسىۋالغان زېمىنلىرى بىلەن بىللە



www.uyghurkitap.com

چىڭ ئىمپېرىيىسىگە بېقىنىشقا مەجبۇر بولدى.

ئالتەشەھەرلىكلەر چىڭ ئىمپېرىيىسىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەندىن كېيىن، خوجىلار قوقانغا قېچىپ كەتتى. ئالتەشەھەردە يايلاقلارنىڭ بولمىغانلىقى ۋە چارۋا مالنىڭ قىسلىقى مانجۇ ھۆكۈمىتىنى قوقانلىقلارنىڭ بۇ يۇرتلارغا چارۋا مال ئەكىلىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلارغا ئالماشتۇرۇشىغا يول قويۇشقا مەجبۇر قىلغان. بۇ خىل سودا ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشى مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان يەرلىك خەلقنى قوقانلىقلارنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەر ۋە باشقا شەھەرلەردە ئۈزلۈكسىز ئىسيان كۆتۈرۈپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇۋاتقان خوجىلار بىلەن بىرلىشىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 1826 -يىلى قەشقەردە ئىسيان پارتلىدى. مانجۇلار مالىمانچىلىقنى ناھايىتى تەسلىكتە تىنجىتقاندىن كېيىن، قوقانلىقلارنىڭ قەشقەرگە كېلىشى چەكلەندى. ئەمما قوقانلىقلار قوللىرىغا قورال ئېلىپ، تىغمۇتىغ ئېلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ سودا مەنپەئەتىنى قوغدىدى. نەتىجىدە قوقانلىقلار ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ، 1830 -يىلى مانجۇ ھۆكۈمىتىنى قوقان بىلەن شەرتنامە تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. شەرتنامە بويىچە قوقانلىقلار ئالتەشەھەردە ئەركىن سودا قىلىش ھەتتا يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقىغا ئېرىشىۋالدى. مۇشۇنداق ئىمتىيازغا ئېرىشكەن قوقانلىقلار خوجىلار 1847 - يىلى ۋە 1857 - يىلى قوزغىغان يېغىلىقلارغا ئارقا تىرەك بولدى. 1857 - يىلدىكىسى ۋەلىخان تۆرە ۋەقەسى بولۇپ، ئۇ دەسلەپتە غەلىبە قىلغانىدى. ئەمما ۋەلىخان تۆرە قانخور، رەھىمسىز كىشى بولغاچقا، ئۆز ھىمايىچىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، مەغلۇب بولۇپ قېچىپ كەتتى.

بۇ ئىسيانغا قوقانلىقلار بىۋاسىتە قاتناشقان بولسىمۇ، مانجۇلار ئۇلارنىڭ قەشقەرگە كىرىشىنى توسىيالمىدى. شۇنىڭ بىلەن قوقانلىقلار ھازىرغىچە ئالتەشەھەردە كاتتا ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ يۈرۈۋەردى.

## ئالتەشەھەر ئاھالىلىرى

پۈتكۈل مۇسۇلمان شەرقىدە «قۇرئان» ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ ئاساسى دەپ قارىلىدۇ. قانۇن - پەرمانلار، ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە تاشقى ئالاقىلەردە قۇرئان ھۆكمى بويىچە ئىش قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئوخشىمىغان ئەللەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ھاكىمىيەت باشقۇرۇش شەكلى بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ. ئەمما ئالتەشەھەر ئۇلارغا ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر دۇنيا. بۇ يەردە ئىسلام دىنى يەرلىك قائىدە - يوسۇنلارغا بېقىنىپ يەرلىكلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش رولىنى يوقاتقان. ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا يەرلىرىدە قەتئىي كۆزگە چېلىقمايدىغان ئاياللار ئازادلىقىنىڭ ئۆزىلا بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

ئالتەشەھەردە ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ كۈچلۈك بولالماسلىقىنى بۇ يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئالتەشەھەر دىنىي ئەقىدىلەر كۈچلۈك بولغان قوشنىلىرى بىلەن ئېگىز تاغ - داۋانلار ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭ شەرق تەرىپى ئوچۇق ھالەتتە بولغاچقا، بۇيەرنىڭ ئاھالىسى خەنزۇلار بىلەن ئەركىن باردى - كەلدى قىلىشىپ، ئۇلاردىن دىنىي جەھەتتىكى ئېغىربېسىقلىقنى ئۆگەنگەن.

بۇ ماقالىدە بىز كىچىك بۇخارا (قەشقەر) لىقلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرى ھەمدە ئومۇمىي مۇسۇلمانلاردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى قوقان بىلەن بۇخاراغا سېلىشتۇرغان ئاساستا كۆرسىتىشكە تىرىشىمىز.

كىچىك بۇخارانىڭ يەرلىك ئاھالىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن مىللەت نامى يوق، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا قەشقەرلىك، خوتەنلىك، قومۇللۇق دېگەندەك ئۆز يۇرتلىرىنىڭ نامى بىلەن قوشۇپ ئاتايدۇ. مانجۇلار (ياكى خەنزۇلار) ئۇلارنى

چەنتۇ دەپ ئاتىسا، قالماقلار خوتۇن دەپ ئاتىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بىلەن قىرغىزلار ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قارا قويۇق قەشقەرلىكلەر دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ يۇرتنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى تۈركىي تىلنىڭ ئالاھىدە بىر دىيالېكتىدا سۆزلىشىدۇ. تىلشۇناسلار بۇ تىلنى ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتىشىدۇ. خاراكتېرى ۋە رەڭگى ـ روھىغا قارىغاندا ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە بىر مىللەت. بۇ خەلقنى ياشىغان ئورنى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان تۇرمۇش ئۇسۇللىرىغا ئاساسەن مۇنداق ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

1) . قۇمۇل ۋە تۇرپان ۋاڭلىقلىرىدىكى ھەمدە لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى ۋە شۇ كۆل نامى بىلەن ئاتىلىدىغان يېزىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى. تاغنىڭ شىمالىدىكى غۇلجىدا ياشايدىغان مۇسۇلمانلارنىمۇ مۇشۇ ئەۋلادلارغا قوشۇۋەتسەك بولىدۇ.

2) . دولانلار

دولانلار ـ ئاقسۇ، يەكەن، قارا شەھەر رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاقسۇ دولانلىرى بىلەن يەكەن دولانلىرى قەشقەر دەرياسى بىلەن يەكەن دەرياسى ئارىلىقىدىكى يۇرتلارغا تارقاق ئولتۇراقلاشقان. دولانلارنىڭ بۇ يەردە بىر نەچچە چوڭ يېزىلىرى بولۇپ، مانجۇ چېرىكلىرى ساقلاۋاتقان بارچۇق بىلەن مارالبېشى ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ يېزىلار ھېسابلىنىدۇ. قارا شەھەر دولانلىرى كورلا بىلەن بۈگۈرگە تارقالغان. دولانلارنىڭ كۆپ قىسمى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ يانچىلىرى ھېسابلىنىدۇ. دولانلار ئۆز شېۋىسى ۋە ئاياللىرىنىڭ قازاق ۋە قىرغىز ئاياللىرىغا ئوخشاش باشلىرىغا رومال سېلىپ يۈرىدىغان ئەنئەنىسى بىلەن باشقا تۈركىستانلىقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

3) نوگېيتلار

نوگېيتلار ـ ئۆزلىرىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلار بۆيرۇتلاردىن (قىرغىزلار) دىن ئايرىلىپ چىققان يېرىم كۆچمەن بىر قەبىلە. بۇلار مۇزئارت تېغى ئېتىكىدە ياشايدىغان بولۇپ، ئوچتۇرپان ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرىدۇ. نوگېيتلار مۇزئارت داۋىنىدا مۇز چوقۇپ كارۋان يولىنى ئوچۇق تۇتۇپ ھۆكۈمەتنىڭ ئالۋان ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بىر بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر مۇنچە خەلقلەر بولۇپ، ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش تەس. بۇنداق ئەھۋال شەرقتە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

كىچىك بۇخارالىقلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ ھەنەفىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نوگېيتتىن باشقا خەلقنىڭ ھەممىسى ئولتۇراق تۇرمۇشتىكى خەلقتۇر. ئەمما لوپنۇرلۇقلارنىڭ قايسى دىنغا ئىشىنىدىغانلىقى نامەلۇم.

ئالتەشەھەر تەۋەسىگە كۆچۈپ كەلگەن يات مىللەتلەر مۇنۇلار:

1) مانجۇلار، شىبە ـ سولۇنلار، داغۇرلار، خەنزۇلار ۋە تۇڭگانلار.

2) قىپچاق قان سىستېمىسىغا تەۋە تورايغىر قىرغىزلىرى.

3) ئاسىيالىق مۇھاجىرلار ۋە شالغۇتلار (چەت ئەللىكلەر بىلەن يەرلىك ئاياللار ئارىسىدىن تۇغۇلغانلار).

چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق مانجۇ، شىبە ـ سولۇن، داغۇرلار ۋە خەنزۇ، تۇڭگانلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ ئىرقىغا تەۋە مىللەتلەردۇر. مانجۇلارنىڭ ھەممىسى ئامبال ياكى ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ، كىچىك بۇخارانىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرغان ماندارىنلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خەقتىن چىقىدۇ. مانجۇ قوشۇنلىرى جۇڭغارىيەنى ئىستىلا قىلغان چاغلاردىلا چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇسسۇرى، سۇڭخۇاجياڭ، ئامۇ دەريا بويلىرىدىن بىر قىسىم شىبە، سولۇن، داغۇرلارنى چېگرىنى قوغداش ئۈچۈن ئىلى دەرياسى بويىغا كۆچۈرۈپ ئەكەلگەن. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى رۇس كازاكلىرىنىڭ ۋەزىپىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

خەنزۇلارنىڭ كۆپ قىسمى «يېشىل تۇغلۇق قوشۇن» دا ھەربى ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئاز بىر قىسمى ئەمەلدار، ھۈنەرۋەن ۋە باشقا ئادەتتىكى پۇقرالار ھېسابلىنىدۇ. يەنە نۇرغۇن خەنزۇ پۇقرالىرى بولۇپ،

شەھەرلەردە تۇرىدۇ.

تۇڭگانلار جۇڭگونىڭ شەنشى، گەنسۇ، سىچۇەن ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردە خۇيخۇي دەپ ئاتىلىدۇ. تۇڭگانلار ئالتەشەھەردە ئاشخانا ئاچىدۇ ياكى چاي تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

چىڭ ئىمپېرىيىسى كىچىك بۇخارانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ يېنىداياكى شەھەردىن ئىككى چاقىرىمدىن يەتتە چاقىرىمغىچە بولغان يىراقلىقتا باشقىدىن سېپىل سوقتۇرۇپ يېڭى قەلئەلەرنى بەرپا قىلىپ، ئۇ شەھەرلەرنى مەنچىڭ (مانجۇلار شەھىرى) دەپ ئاتىدى، ئالتە شەھەرلىكلەر بولسا بۇ سۆزلەرنى يېڭى شەھەر ياكى گۇلباغ دەپ ئاتىشىدۇ. ئىچكىرىدىن يۆتكەپ چىققان ئەسكەرلەر بىلەن پۇقرالار مۇشۇ شەھەرلەردە تۇرىدۇ. مانجۇ، خەنزۇ پۇقرالار ئەسلىدىكى كونا شەھەرلەرگە پەقەت كۈندۈزىلا كىرىپ چىقالايدۇ. خەنزۇ، شىبە ۋە سولونلار چېگرىلاردا ۋە راباتلاردا قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. كونا شەھەرلەردىمۇ خەنزۇ، مانجۇ ئەمەلدارلار بولۇپ، ئۇلار ھۆكۈمەت ئىشىدىن باشقا يەنە ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئالاھىدە ئىمتىياز بويىچە قاۋاقخانا ئېچىپ پۇل تاپىدۇ.

قىرغىزلارنىڭ 1758 - يىلىدىكى ئۇرۇشتا چىڭ سۇلالىسىگە كۆرسەتكەن ياردىمى ئۈچۈن مانجۇ ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ ئەكىم ئىسىملىك قەبىلە ئاقساقىلىغا تاشمىلىقنىڭ ھاكىمبەگلىك مەنسىپىنى بەرگەن. 1857 - يىلىدىكى خوجىلار يېغىلىقىدا ھېلىقى ھاكىمبەگنىڭ سادىق بەگ دېگەن ئەۋلادى يەنە چىڭ ئارمىيىسىگە ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن چىڭ ئوردىسى ئۇنىڭغا قىزىل قۇببە مونچاقلىق مەنسەپ قالپىقى تەقدىم قىلدى، شۇڭا قەشقەر ئامبىلى ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدۇ. پۈتكۈل قىرغىزلار ئىچىدە مۇشۇ سادىق بەگنىڭ تورايغىر قەبىلىسىلا چىڭ ئىمپېرىيىسىگە ئەل بولغاندى.

ئالاھىدە ئىمتىياز ۋە سودا-سېتىقتىكى زور پايدىنى قوغلىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىن نۇرغۇن سودىگەرلەر ھەم ئاددىي پۇقرالار ئالتەشەھەرگە يېغىلىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قوقانلىقلار ئەڭ كۆپ بولۇپ، تەسىرىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇلاردىن قالسا بۇخارا، بەدەخشان ۋە كەشمىر ئاھالىلىرى بولۇپ، كېيىنكىلىرى ئاساسەن يەكەن، خوتەنلەردە تۇراتتى. ئالتەشەھەردە يەنە ھىندىلار، كابۇللۇق ئافغانلار، بۇخارالىق يەھۇدىلار، پارسلار، تاتارلارمۇ ناھايىتى كۆپ. بەدەخشانلىقلار بىلەن كەشمىرلىكلەردىن باشقىلىرىنى ئالتەشەھەرلىكلەر «ئەنجانلىقلار» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چىڭ سۇلالىسى بىلەن قوقان خانلىقى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم بويىچە، قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇللۇق ئىمتىيازى بار قوقان ئاقساقىلىغا قارايدۇ. چەت ئەللىكلەر يەنە يەرلىك ئاياللاردىن تۇغۇلغان شالغۇتلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئىمتىياز بويىچە ئوخشاشلا مۇھاجىر ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمان مۇھاجىرلارنىڭ قەشقەرلىك ئاياللار بىلەن ۋاقىتلىق توي قىلىشىغا يول قويۇلغانلىقتىن، شالغۇتلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتكەن. شالغۇتلار تىلى ۋە تەۋەلىكى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا كىچىك بۇخارالىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار چىڭ ھۆكۈمىتىگىمۇ، يەرلىك ئەمەلدارلارغىمۇ بېقىنمايدىغان ئالاھىدە بىر تەبىقە ئىدى.

ئالتەشەھەر خەلقىنىڭ سانىنى ئېنىق ھېسابلاپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس، يەرلىك ھۆكۈمەت خەلقتىن باج - سېلىق ئېلىشتا يەنىلا بۇ يۇرتلارنىڭ مانجۇ خاندانلىقىغا قوشۇلغان چاغدىكى نوپۇسىنى ئاساس قىلىدۇ. شۇ چاغدىكى سان بويىچە بولغاندا ئالتەشەھەردىكى ئاھالىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى مۇنداق:

قەشقەردە 16 مىڭ ئائىلە، يېڭىسارىدا 8000 ئائىلە، يەكەندە 32 مىڭ ئائىلە، خوتەندە 18 مىڭ ئائىلە، ئاقسۇدا 12 مىڭ ئائىلە، تۇرپاندا 6000 ئائىلە بار. بۇ ئاھالىنىڭ زور كۆپچىلىكى شەھەرلەردە تۇرىدۇ، يېزا - قىشلاقلىرى كۆپ ۋە چوڭ بولسىمۇ، لېكىن يېزا ئاھالىسى كۆپ ئەمەس. مانجۇلار شەھەر دەپ ئاتايدىغان ئەڭ چوڭ يېزىلارنىڭ ئۆزىدىمۇ ئادەم ناھايىتى ئاز. مەسىلەن: قەشقەرگە قاراشلىق يېزىلاردىن پەيزاۋات بىلەن خانئېرىقتا

uyghurkitap.com

2000 ئائىلە، ئاستىن ئاتۇشتا 1500 ئائىلە، ئۈستۈن ئاتۇشتا 500 ئائىلە بار. يەكەنگە قاراشلىق گۇمىدا 200 ئائىلە، قاغىلىقتا 350 ئائىلە بار ئىدى. ئاقسۇغا قاراشلىق باي يېزىسىدا 500 ئائىلە بار ئىدى. ھەر بىر ئائىلىدە تەخمىنەن تۆت جان بار دېسەك يېزا ئاھالىسىنى شەھەر ئاھالىسىنىڭ يېرىمىغا تەڭ دەپ ھېسابلاپ ئۇنىڭغا يەنە 27 مىڭ دولاننى (ئاقسۇ، يەكەن دولانلىرىنى) قوشساق ئالتەشەھەر ئاھالىسىنى 579 مىڭ دەپ چىقىرىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تاشمىلىقتىكى 500 ئائىلىلىك قىرغىزنىڭ ئادەم سانى 2000 كىشىگە يېقىنلىشىدۇ. ئالتەشەھەرنىڭ شەرقىدىكى يۇرتلاردىن كۇچاردىن باشقىلىرىنىڭ ئاھالىسى ناھايىتى ئاز. ئالتەشەھەردىكى چىڭ ئارمىيىسىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى مۇنداق:

قەشقەردە 5550 كىشىلىك، يەكەندە 2200 كىشىلىك، خوتەندە 1400 كىشىلىك، ئاقسۇدا 600 كىشىلىك، تۇرپاندا 800 كىشىلىك قوشۇن تۇرىدۇ. بۇلارغا بارچۇقتىكى 300 كىشىلىك، سايرامدىكى 300 كىشىلىك قوشۇننى ھەم چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنى قوشساق جەمئىي 15 مىڭغا يېقىنلىشىدۇ.

ئاچەت ئەل مۇھاجىرلىرىنىڭمۇ ئېنىق سانىنى ھېسابلاپ چىقىش تەسرەك. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى قەشقەردە تۇرىدۇ. قەشقەردىكى ئەنجانلىقلار 6000 كىشىگە يېتىدۇ. قەشقەردىن قالسىلا يەكەن، خوتەنلەردە بىر ئاز كۆپرەك. ئاقسۇ بىلەن ئۇچتۇرپاندا يوق دېيەرلىك. ئادەتتە قەشقەر ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى يەنى 145 مىڭ كىشى مۇھاجىر ھېسابلىنىدۇ.

ئالتەشەھەرلىكلەرنى ئىجتىمائىي ئورنىغا ئاساسەن ھاكىمبەگلەر (ياكى بەگلەر)، دىنىي مۆتىۋەرلەر (ئاخۇنلار) ۋە ئاددىي پۇقرالار (ئالۋاڭكەشلەر) دەپ ئۈچ تەبىقىگە ئايرىش مۇمكىن. ھوقۇق ئىگىلىگەن بەگلەر بىلەن ئاخۇنلار باج - سېلىق، ئالۋان - ياساقلاردىن كەچۈرۈم قىلىنغان بولىدۇ. پۇقرالار يەنە شەھەر ئاھالىسى ۋە دېھقانلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. شەھەرلىكلەر باج - سېلىق ئۇچۇن پۇل تۆلەيدۇ. دېھقانلار بولسا ئاشلىق تاپشۇرىدۇ. بەزى ھاكىمبەگلەر، مەسىلەن: قۇمۇل، تۇرپان ۋاڭلىرى مانجۇ خانى بەرگەن ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئاساسەن ۋاڭلىق ئورنىغا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ۋارىسلىق قىلىدۇ. يەنە بىر قىسىم بەگلەرگە خان ئوردىسى ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى بەرمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار مال دۇنياسى، تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ يۈز يىللاردىن بېرى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد بەگ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

دىنىي مۆتىۋەرلەرگە مەخسۇس دىنىي ۋەزىپىدىكى ئاخۇنلار، ئاتا مىراس شەيخلەر كىرىدۇ. دىنىي مۆتىۋەرلەر قارىماققا ھاكىمىيەتكە ئارىلاشقاندەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە باشقا ئىسلام ئەللىرىدىكىگە ئوخشاش ئالاھىدە تەسىرى، ئارتۇقچىلىقى ھەم قەدىر - قىممىتىمۇ يوق. ئالتەشەھەردە سودىگەرلەر ۋە ھۈنەرۋەنلەردىن ئېلىنىدىغان باج - سېلىق ۋە ئۆشرە زاكاتلار ئېغىر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز يۇرتىنى تەرك ئېتىپ غۇلجا، ئۈرۈمچىلەرگە چىقىپ كېتىدۇ ياكى مال دۇنياسىنى خەقتىن يوشۇرۇپ بىرەر يېڭى ئىش قىلىشنى خالىمايدۇ. ئالتەشەھەردە تېخى بىر سودىگەرلەر تەبىقىسى شەكىللىنىپ بولالمىغان. بەگلەر بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ، بەگلەر تولىمۇ تەكەببۇر. پۇقرالار بەگلەرنىڭ ئالدىدا پۈكۈلۈپ تازىم قىلغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا چىش تىرنىقىغىچە ئۆچلۈك قىلىدۇ. مانجۇ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، يەرلىك چوڭ - كىچىك بەگلەر ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن مۇھاجىر بەگلەرمۇ يەرلىك پۇقرالارنىڭ ئۆزلىرىگە خوشامەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئامبال دارىنلار، چوڭ - كىچىك بەگلەر ھەتتا ئەسكەرلەرمۇ ئاھالىلەرنى يانچىلار قاتارىدا بۆلۈشۈۋالغان. شەھەردىكى يانچىلار ئۆز خوجايىنلىرىنى ياغ، گۆش، يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلىسە، يېزا دېھقانلىرى ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ يەرلىرىنى تېرىپ ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىدۇ. بىچارە پۇقرالار ئاچكۆز ئامبال، بەگلەرنى بېقىپ سەمرىتىش بەدىلىگە ئۆلۈپ قالماي كۈن كۆرەلىگىنىگە

www.uyghurkitap.com

خۇش بولۇپ، جاھاننىڭ راھىتىنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ. يەرلىك ھۆكۈمرانلار خەلقنىڭ ھايات - ماماتى بىلەن كارى بولماي ھۆكۈمەت بەرگەن مائاش بىلەن خەلقتىن يىغقان باج - سېلىقنىڭ راھىتىنى كۆرۈپ جاھاننىڭ پەيزىنى سۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قانچە ئون جايدا ئايۋان ساراي (داچا)، باغ - ۋارانلىرى بولىدۇ. ئۇلار يەنە ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن يۇقىرىغا پارا بېرىپ تۇرىدۇ. ئەمىلىنى پۇلغا سېتىۋېلىپ، ئەمەل تۇتقان كۈندىن باشلاپ بىر يىل بولا بولماي ئەمەلگە خەجلىگەن پۇلنى ھەسسىلەپ تېپىۋالىدۇ. ئادەتتە 5 - دەرىجىلىك بەگلەر بەگ بولغان ھامان قىلىدىغان ئىشى يەر ئىگىلەپ ئايۋان ساراي سېلىش بولىدۇ. بەگ باللىرى ئۆمۈر بويى باياشات، راھەت - پاراغەتتە ياشايدۇ. ئەگەر ئالتە شەھەرلىكلەر ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىگە ئۆزلىرى ئىگە بولالىغان بولسىدى، ئۇ چاغدا ئۇلار شەرقتىكى ئەڭ باي مىللەتكە ئايلانغان بولاتتى. بۇلار ئۆتكەن زامانلاردا ھەقىقەتەن بىر باي مىللەت ئىدى. ھەددى ھېسابسىز ئېغىر ئالۋان - سېلىقلار، مەھكۇم تۇرمۇش، بەگلەرنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى بۇ بىچارە مىللەتنى نامراتلاشتۇرۇپ سويغان پىيازدەك قىلىۋەتكەن. ئالتەشەھەردە بىراۋنىڭ ئامىتى كېلىپ مال - دۇنياسى كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭغا كېلىدىغان باج - سېلىقمۇ تەڭلا كۆپىيىپ تۇرىدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ بېسىمى بىلەن زۇلۇممۇ كۈچىيىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم تاپقان دۇنياسىنىڭ راھىتىنى كۆرەلمەي يۇرتىنى تاشلاپ، پېشىنى قېقىپ باشقا يۇرتقا كېتىدۇ. قالغانلىرىمۇ بار تەئەللۇقاتىنى تىقىۋېتىپ غورىگۇل قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. ئالتەشەھەردە بەگلەر ھۆكۈمەت چۈشۈرگەن سېلىقلارنى ئۈچ ھەسسە ئاشۇرۇپ يىغىۋالىدۇ. يەنە ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرىنى ئايرىم يىغىپ يەرلىك ئامبال بېگىملەرگە سوۋغا سالام تەييارلايدۇ. ئاخۇنلار، مازارغا قارايدىغان شەيخلەر-نىڭ ۋەخپە يەرلىرى بار بولغاچقا، ئۇلارمۇ بايلار قاتارىغا كىرىدۇ. ئالتەشەھەرگە ئىسلام دىنىنى تارقاتقان پادىشاھ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئاستىن ئاتۇشتىكى مازىرىغا قارايدىغان شەيخ ئاشۇنداق بايلارنىڭ بىرى ئىكەن. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇنىڭ جاي - جايلاردا قورۇ جايلىرى، تېرىلغۇ يەر، باغ - ئوتاقلىرى، زاپاس ئاشلىقلىرى، قولىدا يېرىم مىليونغا يېقىن يامبوسى بار ئىكەن. 1857 - يىلى ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مال- دۇنيالىرىنى ھۆكۈمەت مۇسادىرە قىلىۋالدى. شۇ ئىشتىن كېيىن بىر قىسىم شەيخلەر مال دۇنياسىنى يوشۇرۇپ نامرات قىياپەتكە كىرىۋېلىشتى.

بۇ يۇرتتىن ئىلىم - مەرىپەت ئاللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. ئاسىيادا دىنىي مائارىپتىن باشقا مائارىپ يوق، مەدرىسلەر ئاممىغا ئېچىۋېتىلگەن بولسىمۇ، خەلق يەنىلا ساۋاتسىز ياشىماقتا. ھەتتا بەگلەرمۇ خەت تونۇمايدۇ. ئالتەشەھەرگە قوشنا قوقان بىلەن بۇخارالاردا ئەھۋال باشقىچە. قوقان، بۇخارالاردا ئۆلىمالار بىلەن سودىگەرلەر ئىلىم مەرىپەتكە ئىنتىلىدۇ. ئالتەشەھەردە بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزىنى بىلىملىك كۆرسىتىپ، گەپنى ھەدىسلا ھاپىز بىلەن مەۋلىۋى جامىنىڭ ئەسەرلىرىدىن باشلايدىغان، ھەر خىل لەتىپە ۋە ئەبۇ مۇسلىم قاتارلىقلارنىڭ جەڭ قىسسىلىرىنى بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى مەلۇماتى مول، بىلىملىك ئادەم سانىلىدۇ. مۇنداق بىلىم ئېلىش ئۈچۈن مەكتەپتە ئوقۇشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق، بۇنىڭ ئۈچۈن بازار ئارىلاپ قۇلاق مۇللىسى بولسىلا كۇپايە. بىراق، دەرۋىشلەرنىڭ ئۆزىلا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ناخشا -قوشاقتا قېتىپ ئېيتىپ يۈرمەكتە. بۇخارا، قوقان خانلىقلىرىدىكى ھەربىي، مۈلكىي ئەمەلدارلار بولۇپمۇ ۋەزىرنىڭ قېشىدا كاتىبىنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

كىچىك بۇخارادا بەگزادىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز يۇرتىنىڭ تارىخىنى بىلىشى شەرت، ئۇلارغا خەنزۇ، مانجۇ تىللىرىنى بىلىش شەرت قىلىنىدۇ. ئەمما، بۇ مۇرەككەپ تىللارنى ئۆگىنىش ئاسان بولمىغاچقا، بەگلەر جان ساقلاشنىڭ كويىدا ئۇلارغا قارىغۇلارچە چوقۇنىدۇ. بۇ بەگلەر ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئامبال بېگىملەر ئالدىدا خۇشامەت قىلىپ، پۈكۈلۈپ تازىم قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. ئۇ بەگلەر كەسپىي

ئەسكەرلىكتىن يېتىشىپ چىققان زالىم، قانخور، بۇزۇق ئامبال - بېگىملەرنى ئۆزلىرىگە ئۇلگە قىلىدۇ. بۇ «مەكتەپ» تىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى قېرىنداشلىرىنى ئادەممۇ، ھايۋانمۇ ئەمەس بىر خىل مەخلۇق دەپ قارايدىغان مەنتىقىنى قوبۇل قىلىدۇ.

خەلقنىڭ خەت - ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى قوقان ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكىدەك بۇ يەردىمۇ ناھايىتى تۆۋەن دەرىجىدە تۇرماقتا. بىر قىسىم باللار بىلەن قىزلار مەدرىسكە بارغىنى بىلەن دىنىي قائىدىلەرنى ئوقۇپلا بولدى قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ بارى - يوقى دەسمايىسى شۇ بولۇپ قالىدۇ. پەقەت دىنىي ئەمەلگە ئېرىشىشنى كۆزلەيدىغان باللارلا مەدرىسلەرگە بېرىپ ئەرەپ، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئالتەشەھەرنىڭ ئۆلىمالىرى قۇرئان ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىگە، ئۆز يۇرتىنىڭ تارىخىغا ناھايىتى پىششىق.

بۇ ئۆلىمالار دۇنيا قاراش جەھەتتە بۇخارا موللىرىغا قارىغاندا خېلىلا ئىلغار. دىن ساۋادى ئالىدىغانلار ئاساسەن شەھەرلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. يېزىلاردا ناگان - ناگاندا بىر ئۇچراپ قالمىسا، ئادەتتە دېھقانلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك ساۋاتسىز قالىدۇ.

ئالتەشەھەردە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خېلى مۇكەممەل يازما تەرجىمە ئەدەبىياتى بار. ئاۋام خەلقنىڭ پارس تىلىنى بىلمەسلىكى كىچىك بۇخارالىقلارنى ئەرەپ، پارس تىللىرىدىكى دىنىي روھتا يېزىلغان ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. ئالتەشەھەرلىكلەر تەرجىمە ئەدەبىياتىغا باي بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈك مىللىي ئەسەرلىرى يوق. ئۆز مىللىتىدىن چىققان بىرەر شائىر ياكى ئەدىپلىرىمۇ يوق. ئۇلاردا پەقەت بىر قىسىم دىنىي تۇسكە ئىگە ئەسەرلەر بىلەن ئەۋلىيالارنىڭ تەزكىرىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر ئاز بولسىمۇ، ئۇنى ئىشەنچلىك دېيىشكە بولىدۇ. ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ ئۆز شائىرلىرى بولمىغاچقا، ئۇلار ئادەتتە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇيدۇ. شېئىرىيەت ساھەسىدە تۆت مىسرالىق خەلق قوشاقلىرى ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ قوشاقلاردا سىياسىي ۋەقەلەر ۋە ئىشقى مۇھەببەت ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىدىن دەرت - ئەلەم، قايغۇ - ھەسرەتنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

مۇزىكا ساھەسىدە ئالتەشەھەرلىكلەر پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارغا پىر ئۇستاز بولالايدۇ. ئۇلاردا ئىككى تارلىق دۇتتار، ئون سەككىز سىم تارلىق ساتار، ئىنچىكە تارلىق غىجەك، زەخمەك بىلەن چېلىنىدىغان راۋاپ، قالۇن ۋە داپ قاتارلىق بىر يۈرۈش چالغۇ ئەسۋاپلىرى بار. ئالتەشەھەردە يەنە خەنزۇلارنىڭ سۇناي، دۇمباق، چاڭ دېگەندەك چالغۇلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. ئامباللار چۇشلۇك تاماققا ئولتۇرغاندا سىپىلنىڭ ئېگىز راۋاقلىرىدا دۇمباق، سۇناي ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئالتەشەھەردە نەغمە - ناۋاسىز توي ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ناخشىچى - سازەندىلەر قوللىرىدىكى داپلىرىنى تاراڭلىتىپ، نەۋائىنىڭ شېئىرلىرىنى ناخشا قىلىپ ئېيتىشتىن باشلىسا، بىر دەمدىن كېيىن ئىشقى مۇھەببەت غەزەللىرى ئىچىگە غەرق بولۇپ كېتىدۇ.

ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ ئادەمگەرچىلىك قائىدە - يوسۇنلىرىنى قانچە ماختىساق ماختىغۇچىلىكى بار. مانجۇ خاندانلىقىنىڭ ئامبال - بەگلىرى ئۇلارنى گۇمانخور، يالغانچى، ھورۇن ھەم نادان دېيىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بولسا ئۇلارنى قورقۇنچاق، دىنىي سۇس ھەم بۇزۇق دېيىشىدۇ.

بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان پۈتمەس - تۈگىمەس قۇللۇق ئاسارىتى، زورلۇق - زومبۇلۇق ھەم ئادالەتسىزلىكلەر ئەنە شۇنداق بىربىرىگە ئىشەنمەسلىك، ھورۇنلۇق، يالغانچىلىق، بۇزۇقلۇق دېگەندەك ئىللەتلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ مىللەتتە باشقا مىللەتلەرگە نېسىپ بولمىغان شۇنداق بىر سېھرىي كۈچ باركى، ئەگەر بۇ مىللەت باشقىچە بىر ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولالىغان بولسىدى، ئۆزلىرى بىلەن بىر دىندىكى باشقا مىللەتلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى.

ئالتەشەھەرلىكلەر كۆيۈمچان، باغرى يۇمشاق،

ئوچۇق - يورۇق، ئەمگەكچان ۋە قائىدە - يوسۇنلۇق خەلق. ئۇلار قائىدە - يوسۇننى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. ئەمما ئالتەشەھەر بەگلىرى قائىدە - يوسۇنلارنى بەك ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

ئالتەشەھەردە قاتىللىق قىلىدىغان ئىشلارنى يوق دېسەكمۇ بولىدۇ. ئوغرىلارمۇ جىق ئۇچرىمايدۇ. ئۇلارنى ھورۇن دېسەك، تېخىمۇ خاتالاشقان بولىمىز. ئۇلارنى قورقۇنچاق دېگەندىن كۆرە كەڭ قورساق دېگىنىمىز تۈزۈك. ئۇلار قوقانلىقلاردەك ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن نوچىلىق قىلمايدۇ. كۈچىنى چىقىرىدىغان يەردە چىقىرىدۇ. ئافغانلارنىڭ دەپ بېرىشىچە، خوجىلار غەليان كۆتۈرگەندە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغانلار يەنىلا ئالتەشەھەرلىكلەر ئىكەن. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئادەتتە ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدۇ. باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن قۇسۇر تېپىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇلار ئالتەشەھەرلىكلەرنى دىنى سۇس، ئاسىي بەندىلەر دەپ كەمسىتىشىدۇ. بورىس ئەپەندى بۇخارادا دىنىي ئەقىدىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى سۆزلەپ كېلىپ، «بۇخارادا دىنىي قائىدىلەر خۇددى مۇھەممەت پەيغەمبەر ئۆزى باشقۇرۇۋاتقاندەك بۇرۇنقى پېتى بويىچە قاتتىق ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ» دېگەنىدى. ھازىرمۇ بۇخارادا قەدىمكى رىمدىكىگە ئوخشاش قامچا تۇتقان ساقچىلار كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرىدۇ. ئۇلار يولدىكى خالىغان بىر مۇسۇلماندىن شەرىئەت بىلىملىرىدىن سوئال سورايدۇ. جاۋاب بېرەلمىگەنلەرنى قاتتىق جازاغا تارتىدۇ. ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەنلا ساقچىلار يولدا ئادەم قويماي ھەممىنى مەسچىتلەرگە قوغلايدۇ. ساقچىلار يەنە چارلاش ئېلىپ بېرىپ، مەي - شاراپ ئىچكەن، نەشە چەككەنلەرنى تۇتۇپ سولايدۇ.

قەشقەردە بولسا كىشىلەرنىڭ مەسچىتكە كىرىشى مەجبۇري ئەمەس، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولىدۇ. ساقچىلارنىڭ مەي ئىچكەن، نەشە چەككەنلەر بىلەن كارى يوق. ئۇلار پەقەت جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغان ھاراقكەشلەرنىلا تۇتۇپ سولاپ قويىدۇ.

ئالتەشەھەرنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋە ئائىلىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ھەتتا جەمئىيەت ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان ئاياللارمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. يەكەن ھاكىمبېگى ھادىنىڭ ئايالى رەھىمە 1765 - يىلى يەكەندە تۈزۈملەرنى چىڭىتىپ ئەلنى ئەمىن تاپقۇزغان. قەشقەر ھاكىمبېگى يۇنۇس ۋاڭنىڭ ئايالى سەكىمەخان مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا قازا قىلغان. ئالتەشەھەردە ئاياللار ئەرلىرى بىلەن بىللە مەشرەپ، بەزمىلەرگە بارىدۇ. بۇ يەردە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئاز ئۇچرايدۇ. چۈنكى، ئاياللار خالىغان چاغدا ئەرلەرنى تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر ئايالى ئاجراشماقچى بولسا، ئۆيدىن بىر نەرسە كۆتۈرۈپ ماڭالمايدۇ. ئەگەر ئۆزى ئاجراشماقچى بولسا، ئايالىنىڭ جان بېقىشى ئۈچۈن تۆلەم بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئالتەشەھەردە مۇسۇلماندارچىلىقتا يات كەڭ يېيىلغانيەنە بىر ئاجايىپ ئادەت بار، ئۇ بولسىمۇ، باشقا يۇرتتىن كېلىپ توختاپ قالغانلارنى ۋاقىتلىق ئۆيلەپ قويىدىغان ئادەتتۇر. ۋاقىتلىق نىكاھقا قەتئىي يول قويمايدىغان ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ يولىنى تۇتىدىغان سۈننىيلەر تۇرۇقلۇق، قەشقەرلىكلەرنىڭ بۇ خىل ئادەتكە يول قويۇشى بەكمۇ ھەيران قالارلىق ئىش. ئېھتىمال بۇ بۇتپەرەسلىك زامانىدىن قالغان ئادەت بولۇشى مۇمكىن.

ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ئادىتى مۇھاجىرلار كۆپرەك جايلاشقان ئالتەشەھەر تەۋەسىدىلا ئەۋج ئالغان بولۇپ، كۇچانىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتسەك بۇنداق ئادەت يوق. چۈنكى ئۇ ياقلارغا باشقا يۇرتلۇقلار ئانچە بېرىپ كەتمەيدۇ. بۇنداق ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ناھايىتى ئاسان: ئەر بولغۇچى خوتۇنغا تويلۇق ئۈچۈن بىر قۇر كىيىم ئېلىپ نىكاھ ئوقۇتسىلا ئىش پۈتىدۇ. خوتەن تەرەپلەردە بىزنىڭ كۈمۈش پۇل ھېساۋىمىزدا بىر يېرىم سەر كۈمۈش خەجلىسىلا خوتۇن ئالغىلى بولىدۇ. يەكەندە تېخى مەخسۇس خوتۇن بازىرى بولۇپ ئەرگە تېگىدىغان خوتۇنلارنى بازاردىنلا تېپىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما ئاقسۇ، تۇرپانلاردا توي قىلماق تەسرەك. ئالتەشەھەردە ئاياللارغا نىكاھ ئەركىنلىكى بېرىلگەندەك قىلغىنى بىلەن، بۇ ئىشنىڭ يامان تەرىپى شۇكى، كىشىلەر

ئائىلىنى قەدىرلىمەيدىغان، نىكاھنى ئويۇن - تاماشا قاتارىدا كۆرىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى ئېغىر. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۆز زامانىدا ئاياللارنى ئاممىۋى سورۇنلاردىن يىراق قىلىشنى، ھاراق ئىچمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق كېيىنكى ئۈممەتلىرىنى ھەر خىل گۇناھلاردىن نېرى قىلماقچى بولغانىدى. ئەمما كېيىن كىشىلەر پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتلىرىدىن چەتنەپ كەتكەچكە، جەمئىيەتتە يەنىلا مۇرتەدلىك ۋە زىناخورلۇق يامراپ كەتتى. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھازىر ھاراقنىڭ ئورنىنى نەشە ئىگىلىدى. ئالتەشەھەردە نەشە چېكىدىغانلار بەڭگە دېيىلىدۇ. بەڭگىلەرنىڭ سانى كۆپ بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەتكە ھېچقانداق پايدىسى يوق بىر تەبىقە. بەڭگىلەر نەشە چەككەنسېرى ئاجىزلىشىپ، تەرسالىشىپ كېتىدۇ. نامرات بەڭگىلەر ئاشىق قەلەندەر بولۇۋېلىپ، تىلەمچىلىك قىلىپ جان باقىدۇ. قەشقەردە بەڭگە، جاھانكەزدى، دەرۋىش، قىمارۋاز دېگەنلەر ناھايىتى كۆپ. ئاددىي پۇقرالاردىمۇ نەشە چەكمەيدىغانلىرى ئازراق. بەگلەر خەنزۇلارنى دوراپ سورۇن تۈزۈپ چىلىم تارتىدۇ ياكى ھاراق ئىچىدۇ. قەشقەردە ھاراق ۋە بوزا ئىچىشنى ھۆكۈمەت چەكلىمەيدۇ.

ئالتەشەھەردە خەنزۇلارنىڭ مەيخانىلىرىنىڭ سودىسى جانلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەھەر ئەتراپلىرىدا مەي قاينىتىدىغان كىچىك تىپتىكى زاۋۇتلىرى بار. بەزىدە مەيخانىلارغا كەلگەن ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇستەللەر يېتىشمەي قالىدۇ. ئۆز ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قاتتىق ئىنتىزامىدىن بۇرۇقتۇم بولغان قەشقەردىكى چەت ئەللىكلەر قەشقەرگە كەلسە، يەرلىك ئادەتنىڭ كەڭ - كۇشادىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ھاراكەشلىك ۋە پاھىشىۋازلىققا قاتتىق بېرىلىپ كېتىدۇ. كىچىك بۇخارادا قىمار بۇ يۇرتنىڭ ھەممە يېرىگە يامراپ كەتكەن بولۇپ، بۇ كېسەلدىن ھەتتا ئاياللارمۇ خالىي ئەمەس. نەشىكەش، ئەپيۇنكەش ۋە قىمارۋازلار جەمئىيەتتىكى ئەڭ ناچار، باشباشتاق بىر تەبىقە بولۇپ، ھەرقانداق يېغىلىق ۋە ئۇرۇشقا ئاشۇنداق قولاق كەستىلەر ئەڭ بالدۇر ئاتلىنىدۇ. بۇخارا بىلەن قوقاندا ئاياللارنىڭ ئىپپەت - نومۇسنى ساقلىشى ئۇنچىۋالا ياخشى بولۇپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئۆيلىرىگە بېكىنىپ، كۆزەتچىلەر تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىپ تۇرغاچقا، ھەرەمخانىلارنىڭ نېرىسىغا ئۆتمەيدىغان خۇپىيانە ھەرىكەتلەرگىلا قانائەت قىلىپ قالىدۇ. بۇ ئەللەردە زىناخورلۇق دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى قاتتىق جازاغا ئۇچراش خەۋپى ئۇلارنى زىناخورلۇقتىن چەكلەپ تۇرىدۇ. بۇخارا بىلەن قوقاندا زىنا قىلغانلار چالما كېسەك قىلىنىدۇ. ئالتە شەھەردە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدا پاھىشىخانىلار بار، ئاياللار شۇ يەرلەردە پاھىشىلىككە سېلىنىدۇ. قەشقەردە پاھىشە ئاياللارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدە ھەرخىل سەۋەبلەر بولسىمۇ، لېكىن نامراتلىق ۋە مۇھتاجلىقنى ئەڭ مۇھىم سەۋەب دېيىشكە بولىدۇ.

ئالتەشەھەر خەلقىنىڭ ياخشى خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ ئۇچۇق - يورۇق ۋە مېھماندوستلۇقى. ئۇلار دائىم مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق مەشرەپلەر ھاراقسىز، نەغمە - ناۋاسىز ۋە ئاياللارسىز ئۆتمەيدۇ. ئادەتتە مېھمان كۈتكۈچى ساھىبخان ئۆيدىكى ئايال خوجايىن بولىدۇ. بۇنداق مەشرەپلەر قالتىس ھەشەمەت بىلەن، چەت ئەللىكلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىنتايىن سىپايىگەرچىلىك ۋە خۇشامەتچىلىك بىلەن ئۆتىدۇ. يەرلىك خەلق ئۆز قائىدە - يوسۇنلىرىنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن بەجا كەلتۈرىدۇ، مۇشۇنداق قىلىشتىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى قاتتىق ھوزۇرلانسا كېرەك. قەشقەرلىكلەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە كىچىك پېئىللىقىنى مېھمانلارنىڭ بىربىرىگە چىلىم، شاراپ ياكى باشقا نەرسىلەرنى سۇنغان چاغدىكى ھاپىلا - شاپىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، خۇشامەت سۆزلىرىنى ياغدۇرىۋېتىشىدىنلا بىلگىلى بولىدۇ. ئالتەشەھەرلىكلەر رەھمەت دېگەننىڭ ئورنىغا ھەشقاللا دەيدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار مۇنداق قائىدە - يوسۇنلارنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ. قوقانلىقلار ئادەتتە قارشى تەرەپكە رەھمەت ئېيتمايدۇ. پەقەت دېمىسە بولمايدىغان ئەھۋالدىلا ئىلاجىسىز «مەرتىۋىڭىز زىيادە بولسۇن» ، «خۇدا ساقلىسۇن» دېگەندەك تاققا - تۇققا گەپلەرنى تەكرارلايدۇ.

www.uyghurkitap.com



قەشقەردە مەشرەپ بولسا مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئۇسۇلغا چۈشىدۇ. ھەتتا ھاكىمبەگمۇ ئۇسۇل ئوينايدۇ. قەشقەردە «ئاچا» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس ئۇسۇلچى خېنىملار بار. ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ ئۇسۇلى لېزگىنكا (كاۋكازىيىدىكى لېزگىنلارنىڭ ئۇسۇلى) غا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئەمدى بىز ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى:

ئالتەشەھەردە بەگزادىلەر مانجۇچە جابدۇنۇپ، پەيتۇنلاردا ياكى تەختىراۋانلاردا ماڭىدۇ. ئۇششاق - چۈششەك بەگلەر بىلەن شەھەرلىكلەر رەڭگى ۋە تىكىلىشى مانجۇ (ياكى خەنزۇ) لارنىڭ تونىغا ئوخشاپ كېتىدىغان كىيىملەرنى كىيىشىدۇ. ئاياللار قېنىق رەڭلىك يىپەك ۋە چىت رەختتىن تىكىلگەن كۆينەكلەرنى، ئۈستۈن تەرىپىگە تىك ياقىلىق چاپانلارنى كىيىپ، بېشىغا ئۇزۇن روماللارنى ئارتىۋالىدۇ. ئاياللار ئۆيدىن سىرتقا چىقماقچى بولسا، ئۈستىبېشىغا ئۇزۇن پەرىجە ئارتىۋالىدۇ. يۈز - كۆزلەرنى يېپىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چۈمبەل يېزا كىيىملىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئالتەشەھەر ئاياللىرى چۈمبەلنى قائىدە-يوسۇننى دەپ سالمىسا، ئادەتتە يۈزنى ياپمايدۇ. قوقانلىقلار بىلەن بۇخارالىقلار ئاياللىرىنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى توساپ، پۈركۈنۈپ يۈرۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. يازدا ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسى بېشىغا يېرىم تاۋۇزغا ئوخشاپ قالىدىغان دوپپا كىيىۋالىدۇ. قىشتا كۆرپە تۇماق ياكى تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇماقلارنى كىيىۋالىدۇ. دۆلەتمەن ئائىلىلەردىكى ئاياللار قىشتا ئۇزۇنچاق كەلگەن كۆرپە تەلپەكلەرنى كىيىدۇ. ئەرلەر پۇتىغا ئورۇس ئۆتۈكى ياكى تاتار مەسىسىنى كەيسە، ئاياللار قىزىل خۇرۇم ئۆتۈك كىيىدۇ. ئالتەشەھەرنىڭ تاماق تۈرلىرىگىمۇ خەنزۇ تائاملىرىنىڭ تەسىرى تەگكەن. ئۇلار چۈشتە كۆكتات شورپىلىرى، لەغمەن، سامسا، مانتا ھەم ھەر خىل قورۇمىلارنى يەيدۇ. ئۇلار يەنە بىر قىسىم تاماقلارنى ئېتىشنى خەنزۇلاردىن ئۆگەنگەن. خەنزۇلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىمۇ بۇ يەرگە مەلۇم تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. يەنە ئۇلارنىڭ تىلىدا ئاز بولمىغان خەنزۇچە سۆزلەر بار. بۇ سۆزلەر ئادەتتە سەنئەت، كۆركەم ئۆي جابدۇقلىرى، قائىدە-مۇراسىم كىيىملىرىنى ئاتاشتا ئىشلىتىلىدۇ. خەنزۇچە سۆزلەر ئاۋام خەلققە كۆپرەك سىڭگەن. بۇ مىللەتنىڭ ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە قارا قويۇق ئىشەنمەي باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئاسانلا قوبۇل قىلالايدىغانلىقى ئادەمنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئۇلار مانجۇ ھاكىمىيىتىگە چىش تىرنىقى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلسىمۇ، ئەمما بۇ ئۆچمەنلىك ئۇلارنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشىغا توسالغۇ بولالمايدۇ.

ئەمدى بىز ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك خىسلىتى ۋە ئالتەشەھەردىكى ئاق تاغلىق، قارا تاغلىقتىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپ توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتىمىز. ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن خوجىلارغا چوقۇنۇش ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بۇنداق ئېتىقاد ھادىسىسى ئالتەشەھەردىن باشقا مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا تېپىلمىسا كېرەك.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

«چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ غەربىي يۇرت ھەققىدىكى ساياھەت خاتىرىلىرى» (خەنزۇچە) ۋە 1985 - يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «چوقان ۋەلىخانوف تاللانما ئەسەرلىرى» (قازاقچە) ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى

تەرجىمە قىلغۇچى: مەمتىمىن ئۆمەر

تەرجىمە مۇھەررىرى: ئابلىز ئورخۇن

# چوقان ۋەلىخانوفنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى



چوقان ۋەلىخانوف 19 - ئەسىردە قازاقلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر تارىخچى، جۇغراپىيىشۇناس ھەم ئېكسپېدىتسىيىچى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت ھەنەپى بولۇپ، چوقان ئۇنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى. چوقاننىڭ دادىسى چىڭگىز، چىڭگىزنىڭ دادىسى ۋەلى، ۋەلىنىڭ دادىسى بولسا ئوتتۇرا يۈز قازاقلىرىنىڭ مەشھۇر خانى - ئابلاي خاندۇر. شۇڭا چوقاننىڭ تولۇق ئىسمى چوقان چىڭگىز ئوغلى ۋەلىخانوف دەپ ئاتىلىدۇ.

چوقان ۋەلىخانوف 1835 -يىلى قازاقىستاننىڭ قوسمۇرۇن دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدە ئەنئەنە بويىچە ئەرەب تىلى ئۆگەنگەن. كېيىن يەنە بىرمۇنچە شەرق تىللىرى بىلەن تونۇشقان. كېيىن ئومبى شەھىرىگە بېرىپ رۇسچە مەكتەپتە ئوقۇپ بېلىنىسكىي قاتارلىق رۇس دېموكراتچىلىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان.

چوقان 18 يېشىدا ئارمىيىگە قاتنىشىپ، روسىيىنىڭ غەربىي سىبىر گوبېرناتورلىقىدا شتاب ئوفىتسېرى بولغان. 1856 -يىلى 5 -ئايدا چار روسىيە ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن سېمېنوف تيانشانسكى باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەركىبىدە تەڭرىتاغنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشقان. 1856 -يىلى 8 -ئايدىن 10 -ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە غۇلجىدا ئۈچ ئايلىق تەكشۈرۈشتە بولغان، بۇ جەرياندا ئۇ «چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە غۇلجا شەھىرى» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى يازغان. 1857 -يىلى ئىسسىقكۆل بويىدىكى قىرغىزلار ئارىسىغا سەپەر قىلىپ، قىرغىزلارنىڭ قەدىمىي داستانى «ماناس» نىڭ بىر قىسمىنى يازما خاتىرىگە ئېلىپ، رۇسچىغا تەرجىمە قىلغان. چوقان مۇشۇ تەكشۈرۈشلىرى ئاساسىدا «ئىسسىقكۆلگە سەپەر» ، «قىرغىزلار ھەققىدە بايان» قاتارلىق خاتىرىلەرنى يېزىپ چىققان. ئۇ 23 يېشىدا روسىيە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ 1858 -يىلدىن 1859 -يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەرگە قىلغان سەپىرى ۋە بۇ ھەقتىكى دۇنياغا مەشھۇر خاتىرىلىرى ھېسابلىنىدۇ. چوقان ۋەلىخانوف 13-ئەسىردە شىنجاڭدىن ئۆتكەن سەيياھ ماركوپولودىن كېيىن، پۈتكۈل ياۋروپا ئەللىرىگە ناتونۇش بولۇپ كېلىۋاتقان ئالتەشەھەردىن ئىبارەت بۇ سىرلىق ماكانىنى قايتىدىن ياۋروپاغا تونۇتقان تۇنجى ئېكسپېدىتسىيىچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چوقان ۋەلىخانوف قوقان سودىگەرلىرى بىلەن بىللە قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، قەشقەردە ھەر ساھە كىشىلىرى بىلەن تونۇشىدۇ. شۇ چاغلاردا يۈز بېرىۋاتقان خوجىلار يېغىلىقىنى، مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ قانلىق قىرغىنچىلىقلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق ئۆگىنىدۇ. ئۇ قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە ئەينى ۋاقىتتىكى ئادەت بويىچە بىر دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىدۇ.

ئۇ قەشقەردىكى پائالىيىتى جەريانىدا «تەزكىرەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» ، «تەزكىرەئى خوجىگان» ، «تەزكىرەئى تۇغلۇق تۆمۈرخان» ۋە «ئەبۇ مۇسلىم مەرۋەزى» قاتارلىق قوليازمىلارنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە ئاز ئۇچرايدىغان تاغ جىنسلىرىنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى ۋە ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى توپلايدۇ. چوقان قەشقەر سەپىرىدىن قايتقاندىن كېيىن «قەشقەرگە سەپەر» ناملىق كۈندىلىك خاتىرىسى بىلەن «ئالتەشەھەر خاتىرىلىرى» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى يېزىپ قالدۇرىدۇ.

چوقان ۋەلىخانوفنىڭ قەشقەر سەپىرى جەريانىدا تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرى ئۇنى ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا قىلىدۇ.

چوقان ۋەلىخانوف 1865 -يىلى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، كېسەلدىن ساقىيالماي 30 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ دادىسى تېخى ھايات ئىدى.

تەرجىمە قىلغۇچىدىن

www.uyghurkitap.com

# ئاق گۋاردىيىچى گېنېرال دۇتوفنى كىم ئۆلتۈرگەن؟

هۈسەيىن ئەبەيدۇللا

(ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىدىن)

20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، چار پادىشاھقا سادىق گېنېراللار يېڭىلگەنلىكىگە تەن بەرمەي، چېگرا جايلاردا سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. سوۋېت روسىيىسىنىڭ شەرقىي (قازاقىستان) رايونلىرىغا توپلانغان ئاق گۋاردىيىچى دۇتوف باشچىلىقىدىكى چارروسىيە ئەسكەرلىرى قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ سۈيدۈڭ ناھىيىسى (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى) گە ئورۇنلاشتى. بۇ يەردە ئاتامان دۇتوف بىر تەرەپتىن قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن چېگرا ئەتراپىدا قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ، خەلقنىڭ تىنچ تۇرمۇشىغا چوڭ زىيانلارنى كەلتۈرگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاق گۋاردىيىچى گېنېرال دۇتوفنىڭ مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر تارقالغان. ئۇنىڭ سۈيدۈڭدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئەينى ۋاقىتتا ئىلى ۋىلايىتى، غۇلجا شەھىرى ۋە ئۈرۈمچىدە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان چوڭ بىر ۋەقە ھېسابلانغان. سۈيدۈڭدە گېنېرال دۇتوفنى ئۆلتۈرگەن كىم ۋە ئۇنىڭ قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئۇزاقتىن بېرى سىر بولۇپ كەلگەنىدى.

يېقىنقى يىللاردا ئالمۇتىدا تاتار تىلىدا چىقىدىغان «ئۈمىد» ناملىق گېزىتتە، مەزكۇر گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى ئەنۋەر لوقمان يازغان بىر پارچە ماقالا بېسىلغان. بۇ ماقالىدا 20 - يىللاردا بىزنىڭ تېررىتورىيىمىز ئىچىدە يۈز بەرگەن دۇتوفنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىنىڭ سىرى ئېچىلغان.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بۇنىڭدىن بىر قانچە يىللار ئىلگىرى قازاقىستاندا بىر كىنو فىلىم ئىشلىنىپ، ئۇنىڭدا ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ قوماندانى دۇتوفنى قازاق يىگىتى شادىياروفنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكى، ئۇنىڭ قەھرىمان، تالانتلىق بىر رازۋېدچىك ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن.

بولشېۋىكلار پارتىيىسى 1917 - يىلى چارپادىشاھ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، تۇنجى سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەتنى بەرپا قىلدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيىلەر ۋە چارروسىيىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ئاق گۋاردىيىچى گېنېراللاردىن ۋىرانگىل، كولچاك، دۇتوفلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ، ياش سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇندۇ. جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي چېگرا رايونى بولغان يەتتىسۇدا باندىتلار باشلىقى دۇتوفنى قوللاپ، شەرق تەرەپتىن سوۋېت ھاكىمىيىتىگە زەربە بەرمەكچى بولدۇ. دۇتوف بۇ رايوندىكى ئاق گۋاردىيىچى قوشۇنلار ۋە پومېشچىك، كۇلاكلارنى قوزغىتىپ، چېگرا رايوندا چوڭ مالىمانچىلىق چىقىرىشقا ئۇرۇندۇ. لېكىن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ۋە سوۋېت خەلقى دۇتوفنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۆچ ئېلىشىغا قارشى كەسكىن كۈرەش قىلدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا دۇتوف قوشۇنى ۋە ئۆزىگە ئەگەشكەن ئازغۇن پۇقرالار ۋە باشقا

ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار بىلەن ئىلمىز چېگرىسىغا قاراملىق بىلەن بېسىپ كىرىپ، سۈيدۈڭگە ئورۇنلىشىدۇ ۋە ھەمدە بۇيەردە سوۋېتكە قارشى قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، ئۆچ ئېلىش ھەرىكەتلىرىدە بولىدۇ. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي دۇتوفنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى تارقىلىدۇ.

دۇتوف ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ھەر ئىككىلا مەملىكەتتە ئۇنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا تۈرلۈك گەپ - سۆزلەر تارقىلىدۇ.

«ئۈمىد» گېزىتىدە بېسىلغان ماقالىدە بۇ سوئالغا ئېنىق جاۋاب بېرىلگەن. تۆۋەندە بۇ ماقالىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن.

«ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، يەنى 1921 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە ئىمپېرىيالىستلىرى ياش سوۋېت ھاكىمىيىتىنى تۇنجۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىنقىلابتا مەغلۇب بولغان چارروسىيىنىڭ قېچىپ يۈرگەن گېنېراللىرىغا كۈچلۈك مەدەت ۋە ياردەم بەردى. جۈملىدىن سوۋېت زېمىنىنىڭ شەرقىي چېگرىسى ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان باندىتلار باشلىقى دۇتوفقا قورال - ياراق بېرىشنى داۋاملاشتۇردى، ئۇنىڭدىن پۇلنى ئايىمىدى، شۇڭا ئاق گۋاردىيىچى گېنېرال دۇتوف ياش سوۋېت ھاكىمىيىتىدىن ئۆچ ئېلىش مۇمكىنلىكىگە ئىشەندى. ئۇ زوراۋانلىق بىلەن ئىلى ۋىلايىتى دائىرىسىگە كىرىپ - چىقىپ يۈردى. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ سۈيدۈڭ شەھىرىدە ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، قوشۇنىنى تەرتىپكە سالدى. دەل شۇچاغدا، ئىنقىلابىي سوت تەرىپىدىن ئېتىشقاھۆكۈم قىلىنغان دۇتوف 1921 - يىلى 6 - فېۋرال كۈنى سۈيدۈڭدىكى ئۆز ئىشتابىدا ئۆلتۈرۈلدى. ‹ئىزۋېستىيە› گېزىتى بۇ خەۋەرنى مۇنداق يازدى: باتۇر ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۈشمىنى، جاھانگىرلارنىڭ يالاقچىسى، يەتتىسۇ بايلىرىنىڭ دوستى، گېنېرال دۇتوف غەربىي جۇڭگودا ئۆلتۈرۈلدى».

دۇتوف كىم؟

دۇتوف روسىيىدىكى ئورىنبورگ كازاكلىرىنىڭ ئاتامانى شۇنداقلا چارپادىشاھ دەۋرىدىكى 11 ئاتاماننىڭ بىرى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي قىسمىدا يۇزبەرگەن قانلىق ئىچكى ئۇرۇشنى تۇنجى بولۇپ باشلىغان ئادەم. تۈركىستان فرونتى ئىنقىلابىي سوۋېتىنىڭ ژۇرنىلى «ھەربىي پىكىر» دە يېزىلىشىچە، دۇتوفنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكىتى 1921 - يىلى يانۋاردا يۇقىرى پەللىگە چىققان. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا چېگرىدىن بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى سۈيدۈڭ شەھىرىگە جايلاشقان دۇتوف شتابىغا پۈتۈن يەتتىسۇدىن تۈرلۈك ئاق گۋاردىيىچى تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ، سوۋېت شەرقىنىڭ ھەممە يېرىدە سوۋېتكە قارشى ھەرىكەتنىڭ تەييار بولغانلىقى، ئىشلارنىڭ پەقەت دۇتوۋقا قاراشلىق بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتقان. 1921 - يىلىنىڭ يانۋار ئېيى دۇتوف ئۈچۈن ئىلى ۋىلايىتىدىمۇ، يەتتىسۇدىمۇ، ئاقلار ئىچىدىمۇ يۇكسەك ئابروي قازانغان بىر مەزگىل بولدى.

1921 - يىلىنىڭ باشلىرىدا دۇتوف جۇڭگودىكى قالدۇق گۋاردىيىچىلەرنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشتى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تەرىپىدىن بىر نەچچە قېتىم تارمار قىلىنغان دۇتوف كولچاك، ۋىرانگېل باندىتلىرى چەتئەللەردىكى سوۋېتقا قارشى كۈچلەر بىلەن يېقىندىن ئالاقىلىشىپ تۇردى.

بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ يەتتىسۇ رايونىدا باندىتلارنى تازىلاش كۈرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئورگىنى دۇتوفنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىش كۈرىشىنى پىلانلايدۇ ۋە ھەمدە بۇ زور ۋەزىپىنى چېگرا ساقچىلىرىغا تاپشۇرىدۇ. نەتىجىدە يەرلىك باي ئائىلىدىن كېلىپ چىققان 23 ياشلىق تاتار يىگىتى قاسىمخان چانىشېۋ باشچىلىقىدا بىر جەڭگىۋار ھۇجۇمچى ئەترەت تەشكىللىنىدۇ. قاسىمخان چانىشېۋ ئۆز ۋاقتىدا ناھىيىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ چاقىرىقى بويىچە ئارمىيىدىن بوشىتىلىپ، رايونلۇق ساقچى بلشلىقى ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەنىدى. ئۇنىڭ غۇلجا شەھىرىدە تۇغقانلىرى بار ئىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ دۈشمەندە گۇمان تۇغدۇرماي چېگرىدىن ئۆتۈپ غۇلجىغا بېرىپ - كېلىپ تۇرۇشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى.

ھۇجۇمچى گۇرۇپپىغا نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، ئاقلارغا قارشى ئۇرۇشتا پارتىزانلىق ئۇرۇش

www.uyghurkitap.com

قىلىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن ، چېگرا ساقچىسى 20 ياشلىق ئۇيغۇر ئوغلى مەھمۇت غوجامياروف قوبۇل قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇگۈرۇپپىغا يەنە ئۇيغۇر يىگىتلىرىدىن ھوشۇر باقىيېف، يۈسۈپ قادىروف، قازاق يىگىتلىرىدىن مۇقاي جىگىتكوف، ئۆرودىكباي مىساقوفلار بولۇپ يەتتە كىشى قوبۇل قىلىندى.

سوۋېت چېگرا ساقچىلىرى دۇتوفنى سۈيدۈگدىن ھىيلەياكى قورال كۈچى بىلەن سوۋېت زېمىنىگە ئېلىپ چىقىپ جىنايەتلىرى ئۈچۈن ھېساب ئېلىشنى مەقسەت قىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇتوف بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش لازىم ئىدى. قاسىمخان شۇ مەقسەتتە غۇلجىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، دۇتوفنىڭ تەرجىمانى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بالىلىق چاغلىرىدىكى دوستى ئابلايخانوف بىلەن كۆرۈشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق دۇتوف بىلەن ئۇچرىشىدۇ. قاسىمخان چانىشېف بىردىنلا سوۋېت ھاكىمىيىتىگە نارازى ئادەم رولىنى ئويناپ، ئۆزىنىڭ سوۋېت يېرىدە تۇرۇپ دۇتوف ئۈچۈن ئىشلەش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئادەتتە كىشىلەرگە ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كەتمەيدىغان دۇتوف قاسىمخانغا ئىشىنىپ قالىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭغا يارکەنتكە قايتىپ، خەلقنى سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشكىللەش، ئۇ ياقتىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا مەلۇمات يوللاپ تۇرۇش ۋەزىپىلىرىنى تاپشۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ چېگرا ساقچىلىرى بىلەن دۇتوف ئوتتۇرىسىدا ئويۇن باشلىنىدۇ. قاسىمخان بىلەن دۇتوف ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىچىلىقتا كۆزگە كۆرۈنگەن چېگرا ساقچىسى مەھمۇت غوجامياروف بەلگىلىنىدۇ. مەھمۇت غوجامياروف سوۋېتلار تەرەپتىن دۇتوفقا كېرەكلىك «مەلۇمات»لارنى ئەكىلىپ تاپشۇرۇپ تۇرىدۇ. دۇتوفنىڭ تولۇق ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ھۇجۇمچى ئەترەت دۇتوفقا قىلىنىدىغان ئوپېراتسىيىنى 1921 - يىلى 6 - فېۋرال كۈنىگە بېكىتىدۇ. «ئويۇن» يېقىنلىشىشقا ئازقالغاندا ، چانىشېف، مەھمۇت غوجامياروفلارنىڭ تۇرمىگە قامالغانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۇزاق ئۆتمەيلا تۇرمىدىن قاچقانلىق خەۋىرى كېلىدۇ. بۇ ھىيلە دۇتوف رازۋېدچىكلىرىنى خىرامانلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇتوف ئۆز ئىشخانىسىدا قاسىمخان چانىشېف ۋە مەھمۇت غوجامياروفلار تەرىپىدىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

دۇتوفنى ئۆلتۈرۈش ئىشى قاسىمخان تەرىپىدىن ناھايىتى ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، تېز بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئىش دۇتوفنىڭ ئىشخانىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. گورۇپپا ئەزالىرى جاي جايلارغا پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ھەرىكەت خېلى كەچتە باشلىنىدۇ. مەھمۇت غوجامياروف دۇتوفقا تۆۋەندىكى مەزمۇندىكى خەتنى تاپشۇرىدۇ: «ئاتامان جانابلىرى كۈتۈپ تۇرۇش يېتەرلىك بولدى، ئىشنى باشلايدىغان پەيت يېتىپ كەلدى، بىز ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشنىڭ باشلىنىشى ئۈچۈن بىر پاي ئوقنىڭ ئېتىلىشىنىلا كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز. . . سىزنىڭ چانىشېف» . دۇتوف خەتنى ئوقۇۋاتقان پەيتتە مەھمۇت غوجامياروف ئۇنىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇرۇپ ھۇشىدىن كەتكۈزىۋېتىدۇ، شۇ پەيتتە دېرىزە كەينىدە مۆكۈپ تۇرغان قاسىمخان دەرھال دۇتوفقا قارىتىپ ئوق ئاتىدۇ، ھايال ئۆتمەي دۇتوفنىڭ مۇھاپىزەتچىسى يۈگۈرۈپ كىرىدۇ، مەھمۇت غوجامياروف ئۇنى ئېتىپ تاشلايدۇ. ئىشىك سىرتىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ھوشۇر باقىيېف بىلەن كۆردىكباي مىساقوفلا جەسەتنى دەرھال تاغارغا قاچىلاپ، سىرتقا ئېلىپ چىقىشقا ئات تەييارلاپ تۇرغان قالغان ساقچىلار جەسەتنى ئاتقا ئارتىپ، ھەممەيلەن بىرلىكتە شەھەر دەرۋازىسىغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شەھەر دەرۋازىسىنىڭ تاقىلىشىغا ئازلا ۋاقىت قالغانىدى، لېكىن دەرۋازىدىن قايسى ۋاقىتتا، قانداق چىقىپ كېتىش كېرەكلىكى ئالدىنقاچان قاسىمخان تەرىپىدىن ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغانىدى. بۇ ئىشقا يەرلىك خەلقتىنمۇ بىر مۇنچە كىشى دوستانە ھەمكارلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىممەتلىك پەۋقۇلئاددە ھەرىكەتكە قاتناشقان چېگرا ساقچىلىرى قاسىمخان بىلەن مەھمۇت غوجامياروفنىڭ باشچىلىقىدا دۇتوفنىڭ

(ئاخىرى 42 - بەتتە)

# چۆچەك ئورتاق تىلى توغرىسىدا

**تاھىر تاشبايېۋ**

(تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

1764 - يىلى چۆچەكتە تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبال مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، بۇ يەر روسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرى بىلەن قۇرۇقلۇقتا مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد ئالماشتۇرۇشتىكى مۇھىم ئۆتكىلى بولۇپ قالدى. چۆچەك شەھىرىنىڭ بۇ ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئورنى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، ھەر قايسى دۆلەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن ھەر مىللەت سودىگەرلىرى، باققال، تىجارەتچىلەر بۇ جايدا ماكانلىشىپ، ھەرخىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللاندى. چۆچەكلىك ئاتاقلىق تارىخچى قۇربان ئەلى خالىدى ئۆزىنىڭ «تارىخى خەمسە شەرقى (شەرقنىڭ بەش تارىخى)» ناملىق ئەسىرىدە 1896 - يىللاردىكى چۆچەك ۋەزىيىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «مانا ھازىرقى كۈندە چۆچەكنىڭ ئۈچ مەسچىتى ۋە ئۈچ كاتتا سېپىلى، تۆت كىچىك يامۇلچە ۋە 400گە يېقىن دۇكىنى بار. بۇنىڭ 140نەچچىسى روسىيىلىكلەرنىڭ، قالغانلىرى كەشمىرلىكنىڭ ۋە تۇڭگانلارنىڭ ....».

بۇ يەردە دېيىلگەن روسىيىلىكلەر رۇسلارنىلا ئەمەس، بەلكى روسىيە تەۋەسىدىكى تاتار، ئۆزبېك، تۇركمەن، قازاق قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان سودىگەرلەرنىمۇ كۆرسىتەتتى. مانا بۇلار جۇڭغار خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن بۇيەرگە كېلىپ يەرلەشكەن ئاھالە ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلق بولغاچقا، ئۇزۇن مۇددەتلىك قويۇق ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا ھېچقايسى مىللەتنىڭ تىلى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىمەيدىغان، لېكىن چۆچەكتىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئورتاق چۈشىنەلەيدىغان چۆچەك ئورتاق تىلى شەكىللەندى. ئەينى دەۋردە چۆچەككە ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن نۇرغۇن زىيالىيلار توپلانغانىدى. مەسىلەن: 1875 -يىلى سېنتەبىردە ئاتاقلىق تارىخچى ۋە دىنىي ئۆلىما قۇربان ئەلى خالىدى چۆچەككە تەكلىپ قىلىنىپ ئىماملىققا قويۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا چۆچەكتە ناھىيە تەسىس قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن، مەسلىھەتچى ئامبال مەھكىمىسى ئىمام قويۇش يولى ئارقىلىق چۆچەكتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان. ئۇ چۆچەكتە ئىمام بولۇپ تۇرغان 40 يىل جەريانىدا نۇرغۇن كۆزىتىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «تارىخى خەمسەشەرقى» ناملىق زور ھەجىملىك تارىخىي ئەسىرىنى ھەمدە «كىتاب تارىخى جەرىدەئىي جەدىدە» ناملىق سەپەر خاتىرىسىنى يېزىپ چىقىدۇ. 1919-يىلى يەنە بىر تاتار ئالىمى مۇھەممەت مۇرات رەمزى چۆچەككە كېلىپ تۇرۇپ قالدى. ئەسلى بۇ زات مەككە ۋە مەدىنىدە 30 نەچچە يىل ئىلىم تەھسىل قىلىش، مۇدەررىسلىك قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان، «مەكتۇبات» ناملىق دىنىي پەلسەپىۋى ئەسەرنى پارسچىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپ، ئىسلام دۇنياسىدا

www.uyghurkitap.com

يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەن كىشى ئىدى.

1914 ـ يىلى ئۇ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن تاتارىستاننىڭ قازان شەھىرىگە كەلگەن يىلى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، غەرب يولى بىلەن مەككىگە قايتىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، شەرق يولى بىلەن قايتماقچى بولۇپ چۆچەككە كەلگەندە، نامەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بۇيەردە تۇرۇپ قالغان.

ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانى ياڭ زېڭشىن مۇرات رەمزىنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ «ئاڭلىسام سىزنى مۇسۇلمانلارنىڭ كاتتا زاتلىرىنىڭ بىرى دەيدۇ، سىلەرنىڭ دىنىڭلار قانداق دىن، ‹قۇرئان›ىڭلاردا نېمىلەر يېزىلغان، مەن كۆرۈپ باقسام، ماڭا تەرجىمە قىلىپ بەرسىڭىز» دېگەندە مۇرات رەمزى «مەن خەنزۇچىنى بىلمەيمەن، ‹قۇرئان› كەرىمنى مەن تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلاي، سىز تۈركىي تىلدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئوقۇڭ» دېگەنىكەن ھەمدە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قۇرئاننى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپ، 1922 ـ يىللىرى ئەتراپىدا تەرجىمىنى تاماملاپ ياڭ زېڭشىننىڭ كۆرۈشىگە يوللاپ بەرگەنىكەن. بۇ تەرجىمە قانداق يوللار بىلەندۇر، ئىشقىلىپ ئايلىنىپ بېرىپ ئۈرۈمچىدىكى خۇيزۇ موللىلارنىڭ قولىغا چۈشكەن. 1934 ـ يىلى ئاپرېل ئېيىدا مۇرات رەمزىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى ئۈرۈمچىگە يەتكەندىن كېيىن، تەرجىمىنى ساقلاۋاتقان خۇيزۇ موللىلار ئامانەت قەرز بولۇپ قالمىسۇن دەپ، تەرجىمە نۇسخىنى مۇرات رەمزىنىڭ بالىلىرىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. بۇ تەرجىمىنى مۇرات رەمزىنىڭ نەۋرىسى ئەسخەت رەمزى ئەتىۋارلاپ ساقلىغان.

1961 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ خادىملىرى كېلىپ، تەرجىمە ئورگىنالىنىڭ بىر قىسمى (تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسمى) نى ئېلىپ كەتكەن. قالغان قىسمى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا مۇرات رەمزىدىن قالغان 500 پارچە كىتاب بىلەن بىرگە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

1901 ـ يىلى ئالتە ياشلىق نىياز ئىسھاقى تۇرپاندىن چۆچەكتە ئېچىلغان يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن ئاچىسى تۇخان ئاپپاي (قۇربان ئەلى خالىدنىڭ ئايالى) نىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ئۇ شۇ ئۆيدە قۇربان ئەلى خالىدنىڭ بىۋاستە تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. 1922 ـ يىلى «تۇران» مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان نىياز ئىسھاقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر يۈرۈش تاش مەتبەئە سايمانلىرىنى كىرگۈزۈپ، «تۇران» مەكتىپىنىڭ يېنىدا «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىنى چىقىرىدۇ. «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتى نەشر قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ئورتاق تىلدا ماقالىلەر ئېلان قىلىنىشقا باشلايدۇ. گېزىت خادىملىرى يەنە گېزىت چىقىرىشتىن سىرت ئەينى دەۋردە تازا گۈللىنىپ كېلىۋاتقان يېڭىچە مائارىپقا كېرەكلىك دەرسلىكلەرنى تۈزۈش ۋە نەشر قىلىش ۋەزىپىلىرىنىمۇ ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىللەتلەرنىڭ كاتتا يۇغۇرۇلۇشىنىڭ مەھسۇلى بولغان، جانلىق تىل ئاساسىدا شەكىللەنگەن چۆچەك ئورتاق تىلى يېزىق تىلىغا، مەتبۇئات تىلىغا، ئورتاق ئەدەبىي تىلغا ئايلىنىدۇ. ئەينى دەۋردە شائىر قادىر زۇنۇنى بۇ گۈزەل مەنزىرىنى مەدھىيىلەپ مۇنداق يازغانىدى:

كۆپ مىللەتلىك شەھەردۇر چۆچەك،
ئاھالىسىنىڭ كۆپى قازاقلار،
ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتارلارمۇ كۆپ،
خىتاي، ئورۇس يەنە باشقىلار.

ۋىلايەتتە «بىزنىڭ تاۋۇش» دەپ،
ئورتا تىلدا گېزىت چىقاتتى،
ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتارمۇ،
ھەممە تۈركىي بىردەك ئوقۇيتتى.

خۇشتار ئىدىم بۇ گېزىتكىمۇ،
ئوقۇر ئىدىم كۈندۈز ۋە كېچە.
«بىزنىڭ تاۋۇش» دېگەندىن باشلاپ،
تا مۇھەررىر ئىسھاقبېگىچە.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 - 30 - يىللىرى چۆچەكتە نەشىر قىلىنغان «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتى، «شىنجاڭ گېزىتى»، «يېڭى شىنجاڭ» ژۇرنىلى، 40 - يىللاردا نەشىر قىلىنغان «خەلق ئاۋازى»، «ئىنقىلابچىل ياشلار»، «خەلقچى» قاتارلىق گېزىتلەرمۇ ئورتاق تىلدا ماقالە ئېلان قىلىشنى ئاساس قىلغان. ھەتتا چوڭ يىغىنلاردا سۆزلىنىدىغان سۆز ۋە دوكلاتلاردىمۇ ئورتاق تىلنى قوللىنىش ئادەتكە ئايلانغانىدى. يۇقىرىقى سۆزلىرىمىز-نىڭ پاكىتى سۈپىتىدە تۆۋەندە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ 1949- يىلدىكى خىزمەت دوكلاتىدىن ئەمەلىي ئۈلگە كۆرسىتىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

«ۋىلايىتىمىزدە نەشىر قىلىنماقتا بولغان ‹خەلق ئاۋازى›، ‹خەلقچى› گەزىتەلەرىندەن 306 سان چىقارۇلۇپ، 1مىليون 11مىڭ 945 نۇسخە تارقاتىلدى، ‹دۆرىلجىن خەبەرلەرى›، ‹خەلق ئاۋازى› گېزىتىنىڭ مۇگغۇلچىسى، ‹دېموكرات›، ‹تۆەنجىي باۋ› گەزىتەلەرىندەن ھەر بىرىندەن 148 سان نەشىر قىلىنىپ، 1 مىليون 148 مىڭ 504 نۇسخە تارقاتىلدى. يۇقارقىلاردىن باشقا يەنە تەلەفكە مۇۋاپىق ماقالالار باسىلىپ تۇردى. ئۆتكەن يىلغا نىسبەتەن 60% ئارتۇق ئىجرا قىلىندى. مەخسۇس گەزىتەلەرگە يازىلغان غومۇمىي مۇشتەرىيلەر سانى 7440 گە يېتىپ، مۇشتەرى سانى 46% ئارتدى. 305 تۈرلى، 69 مىڭ 672 زاكاز قابىل قىلىندى. 20 نۇسخە ‹ئوقۇتۇچىلار› سەخىفەسى، 13 نۇسخە ‹ئەدەبىيات تاڭى› سەخىفەسى، 18 نۇسخە ‹تارباغاتاي ئەيەللەرى› سەخىفەسى چىقارىلدى...».

30 -، 40 - يىللىرى چۆچەك مەدەنىيەت-نىڭ تازا گۈللىنىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. مەدەنىيەت - مائارىپ، تىل - يېزىق ۋە ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى بىرلىك تۈپەيلى بۇ يەردە يېتىشىپ چىققان ۋە باشقا يەرلەردىن كېلىپ مۇشۇ يەرنىڭ مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى ئۇ ياكى بۇ مىللەتنىڭ ۋەكىلى ئەمەس بەلكى پۈتكۈل چۆچەك خەلقىنىڭ پەخرى، ۋەكىلى دەپ قارىلاتتى. شۇڭا چۆچەكلىكلەر ئاشۇ دەۋردىكى زىيالىيلارنى قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سېغىنىش ۋە ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيدۇ. بۇيەردە ئاشۇ ھەرمىللەتتىن بولغان ئالاھىدە تۆھپىسى بار زىيالىيلاردىن بىرمۇنچىسىنىڭ نامىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەپ ئۆتسەك ئارتۇقلۇق قىلماس. تاتارلاردىن: قۇربان ئەلى خالىدى، مۇرات رەمزى، ھېسام باۋىن، مىر تۆمۈر جامالى، غارىپ بۇرناشوف، مەسئۇت خالىدى، فۇئات ئابدۇرېشىت، مىفتاخ كۇلۇنجاكوف، گۈلەندەم ئابىستاي، خەبىبۇل-لىنا، مۇنەۋۋەر راخمانبايېۋا، مۇنىرە ئابدۇلېتىپوۋا، نازىيە گۈلەي؛ ئۆزبېكلەردىن: پۈزەيىل ئىسلام، ئەنۋەر زاكىرى، فاتىخ ئاقچۇرىن، ئالىمجان ھاكىمبايېف، ئابدۇللا ئەكبەرى، خەمىت ۋەكىلى، ناسىرجان سالىھبايېف، مېھرى مىرزاھىتبايېۋا، ھەسەن ھەبىبى، پاتىمە جامالى، مۇقەددەس غۇلامقارى، مۇھەببەت نازاروۋا، ؛ قازاقلار-دىن: دۇبېك شالغىنبايېف، بالقاش ئەلمغا-

زى، جاغدا باجالىكوف، ماغاز مىرزاقانوف، سانىسىزباي، سۇلتان قاناپىيىن، ماقسۇت تاتانوف؛ ئۇيغۇرلاردىن: سەيپىدىن ئەزىزى، ئابلىمىت ھاجىيوف، ئابدۇقادىر زۇنۇنى، زۇنۇن قادىر، ئابدۇللا باستى، نىياز ئىسھاقى، ماھىيە ئىسھاقى، ئەلى ئەپەندى (تەۋپىق)، مەريەم تۇردىبايېۋا، بىبىنۇر، مەريەم مۇراتىۋا، رەشىدە سەيپى، ئارىپ نەسىبى، مەتنىياز قارى قاتارلىقلار. بىر يۇرتنىڭ بىر - ئىككى ئەسىر مابەينىدە ئۆتكەن ۋەكىللىك شەخسلىرىنى تولۇق تىلغا ئېلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

مەن 1990 - يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن كۆرۈشكىنىمدە، ئۇ كىشى ماڭا «چۆچەكتە ئۆتكەن ئالتە يىل مېنىڭ ھاياتىمدىكى مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز يىللار بولدى. چۈنكى مەن كېيىنكى كۈرەش ھاياتىمنى ئەنە شۇ يەردىن باشلىغانىدىم. چۆچەك مېنىڭ ئىككىنچى ئانا يۇرتۇم» دېگەنىدى.

ئەينى دەۋردە خەلق ئاشۇ ئورتاق تىلدا سۆزلىشىپ، تەتقىقات ۋە تەرغىبات ئىشلىرىدا شۇ ئورتاق تىلنى قوللىنىپلا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ شۇ ئورتاق تىلغا بولغان چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببىتى ھەمدە شۇ چاغدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېمىرىلمەس دوستلۇقنى شېئىر ئارقىلىق كۈيلىگەنىدى. شائىر قادىر زۇنۇنىنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىدا ئەنە شۇ ئورتاق تىل ئارقىلىق باغلانغان دوستلۇق، ئىناقلىق مەنزىرىسى سۈرەتلەنگەن:

## دوستلۇق شەھىرى ۋە ئورتا تىل

قادىر زۇنۇنى

چۆچەك شەھىرى تارباغاتاينىڭ،
ۋىلايەتكە مەركەز شەھەردۇر.
ئاھالىسى ئۇنىڭ ئاساسەن،
ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتاردۇر.

باشقىلارمۇ ياشايتتى ئەلۋەتتە،
خەنزۇ، تۇڭگان، داغۇر ئاز مىللەت.
ئاھالىسىنىڭ سانى 30 مىڭ،
مىللەتلەر دوست بۇ چىن ھەقىقەت.

چۆچەكلىكنىڭ ئورتا تىلى بار،
بۇ تىل ھەممە خەلقلەرگە يار،
ئۇيغۇر، قازاق ، ئۆزبېك، تاتارنىڭ،
ھەرقايسىنىڭ ۋەكىللىرى بار.

ئورتا تىلدا گېپىت چىقىدۇ،
ھەممە ئېلىپ ئوقۇيدۇ بىردەك،
يىغىنىدىمۇ ھەم تويلاردىمۇ،
جاراڭلايدۇ شۇ تىل بۇلبۇلدەك.

چوڭ تويلاردا ناخشا ۋە ئۆلەڭ،
ئەشۇلارغا جىر قوشۇلاتتى،
ئۇمۇ- بۇمۇ خۇشال ھەممىسى،
قول تۇتىشىپ تانسا ئوينايتتى.

سەن قازاقمۇ ياكى ئۇيغۇرمۇ،
ئۆزبېكمۇسەن ياكى تاتارمۇ،
بۇنداق سوراق بولمايتتى ھېچبىر،
بۇ راست تەڭلىك يامىنى بارمۇ؟

چۈشىنەتتى بىلرى بىرىنى ،
ئىززەتلەيتتى زادى كىرىنى.
بۇ چۆچەكنىڭ ئاجايىپ خۇلقى،
ئېيتىپ قويدۇم ئۇنىڭ سىرىنى.

لەڭمەن، نارىن، بەلىش، بەش بارماق،
ھەممە ئۆيدە لەززەتلىك تاماق.
تويدا پولۇ، مېھماندا مانتۇ،
ھەممىگە تەڭ يېمەك ئاشامەت.

www.uyghurkitap.com

بۇ سىنىڭكى ياكى مىنىڭ بۇ؟
دېگەن گەپنى ئاڭلىمىدۇق بىز،
پالان مىللەت ياكى پالان يەرلىك،
دەپ خەلقنى ئايرىمىدۇق بىز.

شۇڭا ھەممە خۇشال يۈرەتتى،
بىر بىرىنى ياخشى كۆرەتتى.
قىز بېرەتتى، كېلىن ئالاتتى،
بىر بىرىگە بەخت تىلەيتتى.

خىزمەتتىمۇ ئىناق ئىشلەشكە،
شۇ ئورتا تىل بەك ئەسقاتاتتى.
بىلمىگەننى سوراپ ئۆگىنىپ،
ئىلىم ـ پەنگە چوڭقۇر پاتاتتى.

ئۇيغۇر، ئۆزبېك يازغان شېئىرنى،
قازاق دەرھال ئەنگە سالاتتى.
خورغا ھەممە تەڭ قوشۇلغاندا،
تاتار خۇشال گارمون چالاتتى.

دومبىرانىڭ ئەرى ئايدايىن،
تاتار قىزى چىرقىسا ماتور،
ئۇيغۇر، ئۆزبېكمۇ تۇرۇپ قالماي،
خۇشال ـ خۇرام بولۇشاتتى جور.

تەزىيەسىمۇ ھەممىنىڭ بىردەك،
يەردە قالماس ھېچبىر جىنازا.
قازا كەلسە بىر مۇسۇلمانغا،
ھەممە بىردەك تۇتاتتى ھازا.

دوستلار بىلەن خۇشال ئولتۇرۇش،
سۆھبەت قۇرۇش ھەممە مىللەتتە بار،
بۇ چۆچەكتە بولغانتى ئادەت،
جەملەشكەندە مىللىتى چاھار.

ئۆزەم ئۇيغۇر كۆپ دوستۇم قازاق،
ئۆزبېك، تاتار يەنە باشقىلار،
يىگىتلىكىم، چوڭ بولغاندىمۇ،
ماڭا ھەمراھ يار بولدى شۇلار.

قازاقلاردىن دۇبېك، قالدىباي،
جۇنۇسقالى، جېكسېنباي، ئەخمەت،
ئۆزبېكلەردىن ئابدۇرېھىم، ئىسمەت،
تاتار جەۋدەت، رىفقەت ۋە تالغات.

دوستلىرىمدىن ۋەكىللەر بۇلار،
ئاۋۇت، تۇرسۇن، داۋۇت ئۇيغۇردۇر.
بۇنى يازدىم بىلسۇن دەپ نەۋرەم،
دوستلۇق شەھىرىنىڭ خىسلىتى شۇدۇر.

ئۆز يۇرتىدىن كەتكەنلىرىمۇ،
باشقا يۇرتقا يەتكەنلىرىمۇ،
يوقاتمىدى شۇ ئىناقلىقنى،
غېرىپلىقنى چەككەنلىرىمۇ.

شۇ ئىناقلىق، چىن قېرىنداشلىق،
چۆچەكلىكتە ھەمىشەم مەھكەم.
شۇ ئىناقلىق كۆۋرۈك ھازىرمۇ
تاشكەنت، پىشكەك، ئالمۇتادىمۇ.

چۆچەك راستىن دوستلۇق دىيارى،
چىقمىدى ھېچ ئىنسان ھەيياري.
ياشلىق دەۋرىم ئۆتتى شۇ يەردە،
تەسىراتىم شۇدۇر تەيياري.

1945 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى چۆچەكتە غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، قازاقلاردىن 50تەك كىشى ئىمزا قويۇپ ئايرىم گېزىت چىقىرىش ئارزۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى مۇئاۋىن ۋالىي قاسىماخۇن ئىسمائىلوف بۇنىڭغا مۇنداق دەپ تەستىق سالىدۇ: «قازاق تىلىدا گېزىت چىقارىش، سوقۇشتان كېيىن ھەل بولادۇ، ھازىرقى كۈندەلىك ئورتا تىلدىكى گېزىتىمىز ھەممىگە قولايلىق».

ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتى مائارىپقا باغلىق بولغىنىدەك تىل ـ يېزىقنىڭ

تەرەققىياتىمۇ مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا زىچ باغلانغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە روسىيىدىن چۆچەككە كېلىپ مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان مائارىپچىلارمۇ چۆچەكنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، چۆچەك ئورتاق تىلىدا دەرس ئۆتۈشكە ماسلىشىپ كەتكەندى. مەكتەپتىكى ھەرمىللەت پەرزەنتلىرىمۇ مەيلى قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر سىنىپتا ئارىلاش ئولتۇرۇپ ئورتاق تىلدا دەرس ئاڭلايتتى.

چۆچەك خەلقىنىڭ پەخرى، مائارىپچى گۈلەندەم ئابىستاي گۈلەندەمىيە مەكتىپىنى قۇرغاندا مەكتەپ گەرچە تاتار مەكتىپى دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەكتەپتە ھەر مىللەت بالىلىرى بىلىم ئالغانىدى. مەسىلەن: ئايىم ئەزىزى (ئۇيغۇر)، پاتىمە جاكولىنا (قازاق)، مەريەم تۇردىبايېۋا (ئۇيغۇر) لار شۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. يەنە مەھمۇت قەشقەرى نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپىدىمۇ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ۋە تۈركىي تىللارنى بىلىدىغان ھەر مىللەت قىزلىرى ئورتاق بىلىم ئالغانىدى. مەسىلەن: كامال (قازاق)، گۈلسۇم (قازاق)، پەرىدە شەرىپىۋا (تۇڭگان)، ئايشەم ئىمىنوۋا (ئۇيغۇر) قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا، چۆچەكتە ئېچىلغان تۇنجى جەدىتچە مەكتەپ ئۆمەرىيە مەكتىپى ئۆمەر ھاجى ئىسمىلىك تاتار تەرىپىدىن ئېچىلغان مەكتەپ بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلار سېپىدە ۋە سىنىپلىرىدا بىرنەچچە مىللەت ۋەكىللىرى خۇددى بىر مىللەت كىشىلىرىدەك ئۆتكەنىدى. ئەنە شۇلاردىن سىدىق رەمزى (تاتار)، غابىدىن (قازاق)، نىياز ئىسھاقى (ئۇيغۇر)، ئەخمەت ياقۇبى (ئۆزبېك)، ئابىلماجىن قاناپىن (قازاق)، كامىلجان رەخىمبايېۋ (ئۆزبېك) قاتارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى داۋالغۇشلاردا نۇرغۇن ئاھالىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ چىقىپ كېتىشى بىلەن بۇيەردىكى مىللەتلەرنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇخىل يۇرت ۋە مىللەت ئايرىمايدىغان ئىسىل ئەنئەنە يەنىلا ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە. مەسىلەن: چۆچەكتە ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە شۇ يەرگە نىسبەتەن ئازسانلىق ھېسابلانغان قازاق، قىرغىز، داغۇر، شىۋە، رۇس قاتارلىق مىللەت پەرزەنتلىرىمۇ ئوقۇۋېرىدۇ. بۇخىل ئەھۋال قازاق مەكتەپلىرىگىمۇ ئورتاق. ھەتتا بەزى خەنزۇ پۇقرالارمۇ بالىلىرىنى قازاقچە ياكى ئۇيغۇرچە ئوقۇتىدىغان، قازاق مەكتەپلىرىدە ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار، ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە قازاق ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇنداق ئىش چۆچەك شارائىتىدا نورمال ئىش ھېسابلىنىدۇ.

گەرچە چۆچەكنىڭ تارىخىي شارائىتى تىل جەھەتتە مەلۇم تارىخىي دەۋردە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئورتاقلىقنى بەرپا قىلىپ، چۆچەكنىڭ يېڭى دەۋر مائارىپىنى بەرپا قىلغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان، 1950 ـ يىلدىن كېيىن بۇ ئىش ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز مىللىي تىل ـ يېزىقىدا تەرەققىي قىلىشقا ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن قويۇق ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سۆزلۈك، ئاھاڭ، تەلەپپۇز جەھەتتە بىر بىرىگە سىڭىشىش ئەھۋاللىرى ھېلىھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# جوۋازنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ رولى


تۇختى داۋۇت

(ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىدىن)


جوۋازنىڭ قاچان، ۋە كىم تەرىپىدىن قەيەردە ئىجات قىلىنىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغانلىقى توغرىلىق ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن ئۇيغۇر خەلقى ئۆزۈندىن بېرى كۈندىلىك تۇرمۇشىدا پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان جوۋاز ئۆكۈز (كالا) كۈچى ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان، ئۆرۈك قاتارلىق قاتتىق ياغاچتىن ياسىلىدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى ياغ تارتىش قورالى.

جوۋاز تۈزۈلۈش جەھەتتە تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك قاۋان، باچكا، ئوق، بۆك، قايچا، تارتقۇ، بويۇنتۇرۇق قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىپ تاپىدۇ. شۇنداقلا ھەر قايسى بۆلەكلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇئەييەن رولى بولىدۇ. جوۋازنىڭ تۈزۈلۈشى ئاددىي، ئۇنى ياساش ۋە ئىشلىتىشمۇ بىر قەدەر ئوڭاي بولۇپ، پەقەت بىر ئېغىزلىق ئاددىي ئۆي بولسىلا جوۋاز چۆرگىلى بولىدۇ. ئالدى بىلەن جوۋازخانا ئۆينىڭ %60 قىسمى ياتاق، ئوچاق، تاغار - قاچا، ياغ ۋە كۈنجۈرە قاتارلىقلارغا قالدۇرۇلغاندىن باشقا، ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئۆينىڭ %40 قىسمى ئەسلىدىكى يەر يۈزىدىن تەخمىنەن 180 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئويۇپ چىقىرىلىدۇ. ئويۇپ چىقىرىلغان يەرنىڭ مەركىزىي قىسمىغا ئايلانمىسى 160 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 150 سانتىمېتىر كېلىدىغان چوڭ ئۆرۈك ياغىچى ئەسلىدىكى يەر يۈزىدىن 60 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئورنىتىلىدۇ. بۇ ئادەتتە قاۋان دەپ ئاتىلىدۇ. قاۋاننىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ ئايلانمىسى چوڭراق بولۇپ، سىلىندىر شەكلىدە كېلىدۇ.

قاۋاننىڭ ئىچكى قىسمى كاۋاك قىلىپ ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىغا 60 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆرۈك ياغىچىدىن ئىچى كاۋاك قىلىپ ياسالغان باچكا ئورنىتىلىدۇ. 150 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئوقنىڭ ئاستىنقى قىسمى قاۋاننىڭ ئىچكى قىسمىغا ئورنىتىلغان باچكىنىڭ ئىچىگە تۇتاشتۇرۇلىدۇ. قايچا دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر ئۇسكۈنە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاچىماق قىسمى قاۋاننى قايچا شەكلىدە قىسىپ تۇرىدۇ. قايچىنىڭ ئۈستىدىكى تىك ياغاچ ئادەتتە تارتقۇ دەپ ئاتىلىدۇ. تارتقۇ بىلەن ئوقنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان يەنە بىر خىل ياغاچ ئۇسكۈنە بولۇپ، بۇ ئادەتتە بۆك دەپ ئاتىلىدۇ. تارتقۇ بۆك ئارقىلىق قايچا بىلەن ئوقنى بىر-بىرىگە باغلاپ بېسىم پەيدا قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. قاۋاننىڭ ئوڭ تەرىپىگە تەخمىنەن 200 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى تاش بېسىپ قويۇلىدۇ. ئۆكۈز قوشۇلىدىغان بويۇنتۇرۇق قاۋان بىلەن قايچىغا ئۆزئارا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. جوۋازچى ئۆكۈزنى ھەيدىشى بىلەن (ئادەتتە ئۆكۈزنىڭ بېشى قېيىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۆكۈز توختاپ قالماسلىقى ئۈچۈن كۆزى تېڭىپ قويۇلىدۇ) ھەر قايسى بۆلەكلەر تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ قايچىدىكى تاشنىڭ ئېغىرلىق بېسىمى ئارقىلىق باچكىنىڭ ئۈستۈنكى كاۋاك قىسمىغا قويۇلغان مايلىق دان



www.uyghurkitap.com






(زىغىر، قىچا) قاتارلىقلار باچكا بىلەن ئوقنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنچىلىپ ياغقا ئايلىنىپ، قاۋاننىڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى تۆشۈكچىدىن ياغ قاپقىغا توختىماي ئېقىپ چۈشۈپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئەنئەنىۋى جۇۋازنىڭ خام ئەشياسى ئاساسەن زىغىر، قىچا، زاراڭزا، كەندىر، چىگىت، گازىر، ئۆرۈك مېغىزى، ياڭاق مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى، قوغۇن - تاۋۇزلارنىڭ ئۇرۇقلىرى ۋە خاسىڭ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ خىل ئەنئەنىۋى جۇۋازدا تارتىلغان ياغ سۈزۈك ھەم سۈپەتلەك بولىدۇ. ئەمما، ئىش ئۈنۈمى ۋە تارتىلغان ياغنىڭ مىقدارى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئېلېكتىر كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان زامانىۋى ياغ زاۋۇتلىرىغا سېلىشتۇرغاندا پەرق خېلىلا گەۋدىلىك بولىدۇ.

جۇۋازخانىدا ياغاچتىن ياسالغان كەمچەن دەپ ئاتىلىدىغان كەملىگۈچ بولۇپ، جۇۋازغا ھەر قېتىمدا بىر كەمچەن (يەتتە جىڭ) زىغىر قۇيۇلىدۇ. ئارتۇق ياكى كەم قۇيۇشقا بولمايدۇ. بىر جۇۋاز زىغىردىن تەخمىنەن ئۈچ يېرىم جىڭ ساپ ياغ ئالغىلى بولىدۇ. قىش كۈنلىرى ھاۋا سوغاق بولغاچقا، ياغنىڭ كېمىيىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئادەم ۋە ئۆكۈزنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ دەم ئالدۇرۇپ ئىشلەش ئارقىلىق جۇۋازنى كېچە - كۈندۈز توختىماي ھەيدەشكە توغرا كېلىدۇ. ياز كۈنلىرى ھاۋا ئىسسىق، كۈن ئۇزاق بولغاچقا، كۈندۈزى ھەيدەپ، كېچىسى دەم ئالىدۇ. بىر جۇۋاز زىغىردىن ياغ تارتىش ئۈچۈن تەخمىنەن 80 مىنۇت ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدۇ. دېمەك، ئەينى ۋاقىتتا جۇۋازنىڭ خەلق تۇرمۇشىدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، يەرلىك خەلق بۇ خىل ئەنئەنىۋى جۇۋازدا تارتىلغان سۈ يېغىنى ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىش بىلەن بىرگە چىراق يېغى قىلىپ ئىشلىتىپ يېقىلغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بۇ خىل ئەنئەنىۋى جۇۋازلار ئاساسەن شەخسلەرنىڭ ئىلكىدە ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش مەزگىلىدە بۇ خىل ئەنئەنىۋى جۇۋازلار ئومۇميۈزلۈك كوللېكتىپنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، دىزېل ماتور ۋە ئېلېكتىر ماتور ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ياغ زاۋۇتلىرى كۆپلەپ قۇرۇلۇپ ئەنئەنىۋى جۇۋازلارنىڭ ئورنىنى ئالدى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

新疆
地方志

（季刊）

目 录

2001年第二期

总第五十五期

顾 问
乌依古尔·沙依然
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多莱提

主 编
沙比尔·艾力

副主编
吾甫尔·吾守尔·尼牙孜
阿不都肉甫·艾力

编 委
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
热米拉
沙比尔·艾力
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提

责任编辑
阿不力孜·鄂尔浑

# 目 录

## 历史回忆录

我所见证的事例 …………………………………………… 赛甫拉也夫 1
战场见闻录 …………………………………………… 买买提力·牙森 22

## 学术讨论

塔米姆·伊本·巴哈尔的回鹘游记 ……………………… 米诺尔斯基 26

## 修志研究

有关新疆的汉文史志文献及其使用价值 ………… 甫拉提 加米拉 38

## 历史资料

喀什噶尔游记 …………………………………… 乔汉·瓦里哈诺夫 43
乔汉·瓦里哈诺夫生平简述 ………………………………………… 53
沙俄将军杜托夫在我境追杀经过 ……………… 玉赛音·艾白都拉 54
浅谈塔城的共同语言 ………………………… 塔依尔·塔什巴也夫 57

## 新疆百业

油坊（住尕子）的结构及其作用 ……………………… 托合提·达吾提 63

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى

新疆地方志维吾尔文(季刊) (پەسىللىك ژۇرنال) شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

主　　办：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会
编辑出版：《新疆地方志》编辑部
地　　址：乌鲁木齐市南湖路西一巷 7 号
照　　排：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
激光照排公司
印　　刷：新疆金版印务有限公司

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىكۆل يولى غەربىي 1 ـ كوچا 7 ـ نومۇر
تىزغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى كومپيۇتېر مەتبەئە شىركىتى
باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى

国内统一刊号 CN65－1128/K－W
电话：4640715　邮政编码：830063
定价：3.00 元

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65－1128/K－W
تېلېفون نومۇرى: 4640715 پوچتا نومۇرى: 830063
باھاسى: 3.00 يۈەن